# ھەج قوللانمىسى

(قۇرئان ۋە سۈننەت نۇرى ئاستىدا ئۆمرە ۋە ھەج، زىيارەت مەسىلىلىرى)



شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

1432 - 2011

IslamHouse.com

# ﴿ التحقيق والإيضاح ﴾

(لكثير من مسائل الحج والعمرة والزيارة على ضوء الكتاب والسنة)

الشيخ عبد العزيز بن عبد الله بن باز

ترجمة: محمد ثابت صالح

مراجعة: ن. تمكيني

2011 - 1432

IslamHouse.com

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز.............................................................5
ھەج ۋە ئۆمرەنىڭ دەلىللىرى ۋە ھەجگە ئالدىراش توغرىسىدا...8
گۇناھ مەئسىيەتلەردىن، زۇلۇملاردىن تەۋبە قىلىپ پاك بولۇش
توغرىسىدا............................................................. 14
ھەج قىلغۇچىنىڭ مىقاتقا كەلگەندە قىلىدىغان ئەمەللىرى 24
مىقات(ئېھرام باغلايدىغان ئورۇنلار) توغرىسىدا................32
ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا مىقاتقا كەلگەن كىشىلەر
توغرىسىد............................................................... 40
نارەسىدە بالىلارنىڭ ھەج قىلىشى توغرىسىدا...................45
ئېھرام باغلىغان كىشىگە جائىز بولىدىغان ۋە جائىز بولمايدىغان
ئىشلار...................................................................49
مەككىگە كىرگەندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك
ئىشلار...................................................................59
ھەجگە ئېھرام باغلاپ مىناغا چىقىش توغرىسىدا.............74
ھەج تەمەتتۇئ ۋە ھەج قىرانغا قۇربانلىق ۋاجىب بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا...............................................................112

ئەمرى-مەئروف قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا.........117

تائەت-ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش توغرىسىدا...................132

زىيارەتنىڭ ھۆكۈم ۋە ئادابلىرى توغرىسىدا ...................135

دىققەت...........................................................................158

قۇبا مەسچىتى ۋە بەقى قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىش

توغرىسىدا......................................................................165

# كىرىش سۆز

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دۇرۇد ۋە سالام يوللايمەن.

بۇ رىسالىدە ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشىلەرگە ھەج، ئۆمرە، زىيارەتنىڭ پەزىلەت ۋە ئەدەبلىرىگە ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بايان قىلدىم. شۇنداقلا ئومومىي مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت بولسۇن ئۈچۈن، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىگە ئەمەل قىلغان ئاساستا ﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنفَعُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۇھەممەد! ۋەز- نەسىھەت قىلغىن چۈنكى ۋەز-نەسىھەت مۆمىنلەرگە پايدىلىق بولىدۇ» [سۈرە زارىيات 55-ئايەت]. قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن سابىت بولغان مەسىلىلەرنى يازدىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وإذا أخذ الله ميثاق الذين أوتوا الكتاب لتبيننه للناس ولا تكتمونه﴾ تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدا، ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن

كىتابنى (يەنى كىتابىدىكى ئاللاھ نىڭ ئەھكاملىرىنى ) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى.» [ئال ئىمران سۈرىسى187- ئايەت]. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى﴾ تەرجىمىسى: «ياخشىلىققا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەم قىلىشىڭلار.» [سۈرە مائىدە 2-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

تەمىم ئىبنى ئەۋس دارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دىن نەسىھەت قىلىشتۇر، دەپ ئۈچ قېتىم ئېيتتى. ساھابىلار: كىمگە يا رەسۇلىللاھ! دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، كىتابىغا ئەمەل قىلىشقا، پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە ۋە بارلىق چوڭ -كىچىك بارلىق مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىشتۇر، دەپ جاۋاب بەردى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ھۆزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەم مۇسۇلمانلاردىن بولمايدۇ. ئەتە-ئاخشامدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، كىتابىغا ئەمەل قىلىشقا ، پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشكە، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرىغا ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىپ، بىلمىگەننى بىلدۈرۈپ، ياخشى يولغا باشلىمىغان كىشى مۇسۇلمانلاردىن ئەمەستۇر.» [تەبەرانىي رىۋايىتى].

ئاللاھ تائالا بۇ رىسالە بىلەن مەن ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى مەنپەئەتلەنگىلى مۇيەسسەر قىلسۇن. بۇ رىسالىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىمىنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولىشىنى ۋە چەكسىز ئەجىر-ساۋاب ئاتا قىلىشىنى، جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىشىمغا سەۋەب بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئاڭلاپ قوبول قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ بىزلەرگە كۇپايە قىلىدۇ ۋە بىزنىڭ ئىگىمىزدۇر.

شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز

## ھەج ۋە ئۆمرەنىڭ دەلىلللىرى ۋە ھەجگە ئالدىراش توغرىسىدا

ئاللاھ تائالا بىز ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەقنى تونۇپ ئەمەل قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەجنى ئىسلامنىڭ ئاساسى رۆكنلىرىدىن قىلدى. شۇنداقلا ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىش شارائىتىغا ئىگە بولغان ھەربىر مۇسۇلمانغا ھاياتىدا بىر قېتىم ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى. ئەگەر ھەج قىلىشقا قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ، ئۆزرىسىز ھالدا ھەج قىلمىسا، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئالەمدىن بىھاجەتتۇر ۋە ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ، جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: «ئىسلام بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلدى؛ 1-بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ۋە راستچىل ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن

دىلىدىن گۇۋاھلىق بېرىش. 2- ھەركۈنى بەش ۋاقىت نامازنى ئۆز لايىقىدا كامىل ئادا قىلىش. 3- مال-مۈلكى نىسابىغا يەتسە زاكات بېرىش. 4- ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش. 5- بەيتۇللاھقا بېرىپ-كېلىشكە قۇدرىتى يەتكەن كىشى ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشتۇر.» [ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

ھەجنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۆمەر رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇسۇلمان شەھەرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، قۇدرىتى بار تۇرۇپ ھەج قىلمىغان كىشىلەرگە جىزىيە قويۇشنى ئىرادە قىلدىم. ئۇلار (يەنى قۇدرىتى بار تۇرۇپ ھەج قىلمىغانلار) مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇلار مۇسۇلمان ئەمەس». يەنە ئەلى رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەج قىلىشقا قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ ھەج قىلمىغان ئادەم يەھۇدى ياكى ناسارا قاتارىدا ئۆلىدۇ.» [سەئىد رەھمەھۇللاھى ئەلەيھنىڭ "ھەدىسلەر توپلىمى" ناملىق ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن].

شارائىتى تولۇق ھەج قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ھەج قىلىشقا ئالدىرىشى ۋاجىبتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللەھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «پەرز ھەجگە ئالدىراڭلار، چۈنكى سىلەر ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى]. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەج قىلىشقا ئالدىراشقا چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّه عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ الله غَنِيٌّ عَنِ الْعَالَمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن) زىيىنى ئۆزىگە. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن ) بىھاجەتتۇر.» [ئال ئىمران سۈرىسى 97-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبىسىدە: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى، ھەج قىلىڭلار» دېگەن. [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

يوقۇرىدىكى دەلىللەر ھەجنىڭ پەرزلىكىگە، شارائىتى ھازىرلانغان كىشىنىڭ ئۇنى ئۆزرىسىز كېچىكتۈرۈشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۆمرەنىڭ ۋاجىبلىقىنى تەكىتلەيدىغان ھەدىسلەرلەردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئىسلام توغرىسىدا سورىغان سوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دىگەن: «بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەقنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭ، نامازنى ئادا قىلىشىڭ، زاكاتنى بېرىشىڭ، ھەج قىلىشىڭ، ئۆمرە قىلىشىڭ، جىنابەتتىن غۇسلى قىلىشىڭ، تاھارەتنى كامىل ئېلىشىڭ ۋە رامىزان روزىسىنى تۇتىشىڭدىن ئىبارەتتۇر.» [ئىبنى خۇزەيمە ۋە دارقۇتنى رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاياللار ئۈستىگە جىھاد پەرزمۇ؟ دەپ سورىغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: ئۇلارغا جەڭسىز جىھاد پەرز قىلىنىدى، ئۇ بولسا ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر، دەپ جاۋاپ بەردى.» [ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرى قادىر بولغان كىشىگە ئۆمرى ئىچىدە بىر قېتىم ۋاجىپتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھەج بىر قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كۆپ بولغىنى نەفلە بولىدۇ.» [ئىبنى ماجە ۋە نەسائى، ئەبۇ داۋۇت ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

نەفلە ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىنى كۆپ قىلىش سۈننەتتۇر. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرە ئارىسىدىكى گۇناھلارغا كافارەت بولىدۇ (يەنى ئىككى ئۆمرە ئارىسىدىكى گۇناھلىرى مەغفىرەت قىلىنىدۇ). قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ئادا قىلىنغان

ھەجىنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتىنلا ئىبارەتتۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

## گۇناھ مەئسىيەتلەردىن، زۇلۇملاردىن تەۋبە قىلىپ پاك بولۇش توغرىسىدا

كىمىكى ھەج ياكى ئۆمرە ئىبادىتى سەپىرىگە تەييارلىق قىلىدىكەن، ئەھلى-ئايال ۋە ئەۋلادلىرى ۋە دوستلىرىنى تەقۋادارلىققا بۇيرۇپ تەۋسىيە ۋە نەسىھەتلەرنى قىلىشى مۇستەھەبتۇر.

شۇنداقلا ئىلىم-بىرىم مۇئامىلىلەر ياكى بىراۋغا قەرزى بولسا ئۇلارنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئەگەر تۇگىتەلمىگەن مۇئامىلىلىرى بولسا، ئىشەنچىلىك كىشىلەرنى گۇۋاھچى قىلىپ يېزىپ قالدۇرىشى، بارلىق گۇناھلاردىن قول ئۈزۈشكە قەتئىي ئىرادە باغلاپ، تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەۋبە قىلىش ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھ قا تەۋبە قىلىڭلار( يەنى ئى مۆمىن مۇسۇلمانلار ! ئاللاھ تائالا تەرەپكە

قايتىپ چوڭ ـ كىچىك بارلىق گۇناھلىرىڭلاردىن يېنىڭلار ۋە گۇناھلىرىڭلارغا چىن تەۋبە قىلساڭلار نىجات تېپىشىڭلار مۇمكىن)». [نۇر سۈرىسى 31ـئايەتنىڭ بىر قىسمى].

تەۋبىنىڭ ماھىيىتى: ئىنسان ئىشلەۋاتقان گۇناھلارنىڭ ھەممىسىدىن قەتئىي قول يىغىش، مەزكۇر گۇناھلارنى سادىر قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىش، قايتىدىن ئۇ گۇناھنى ھەرگىز قىلماسلىققا بەل باغلاش، ئەگەر بىرەر ئىنسانغا زۇلۇم قىلىپ سالغان بولسا ياكى بىرەر ئىنساننىڭ مال-مۈلكى ۋە شەخسىيىتىگە زىيان ئۇرۇپ تاشلىغان بولسا، ئاشۇ كىشىلەرنى تېپىپ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاندىن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش لازىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر مۇسۇلمان بۇرادىرىنىڭ پۇل-مېلى ياكى يۈز ـ ئابرويىغا ناھەق چېقىلىپ قويغان بولسا، تەڭگە ـ تىللالىرى بولمايدىغان (مال دۇنيا ئەسقاتمايدىغان) كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، ئۈستىدىكى ھەقلەرنى ئادا قىلسۇن. بولمىسا (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭ ياخشى

ئەمەللىرىدىن شۇ ھەقنىڭ مىقدارىدا ھەق ساھىبىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەردە ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى يەتمىسە، ھەق ئېگىسىنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈكلىنىدۇ.» [بۇخارى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

ھەج-ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلغان كىشى ھالالدىن تاپقان پاك پۇللارنى خىراجەت قىلىشى كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاكتۇر، پاك بولمىغان نەرسىنى قوبۇل قىلمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بىر بەندە ھالالدىن پۇل-مال توپلاپ، ھەج قىلىش ئۇچۇن يولغا چىقىپ، " لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ" (ئى پەرۋەردىگارىم! مەن تەييارمەن، سېنىڭ ئەمىر-پەرمانىڭنى ئادا قىلىش ئۇچۇن ئاتلاندىم) دېسە، ئاسماندا بىر پەرىشتە: "ئى ھەجگە ئاتلانغۇچى! بەخت ساڭا يار بولسۇن، جۇغلىغان پۇل-مېلىڭ ھالالدۇر ۋە

ھەججىنىڭ مەقبۇلدۇر" دەيدۇ. ئەگەر بىر بەندە ھالال ـ ھارامنى ئايرىماستىن پۇل-مال جۇغلاپ، ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ "لَبَّيْكَ اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ" (ئى پەرۋەردىگارىم! مەن تەييارمەن، سېنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىڭنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندىم) دېسە، ئاسماندا بىر پەرىشتە: "ئى ھەجگە ئاتلانغۇچى! ساڭا بەخت يار بولمىسۇن، جۇغلىغان پۇل-مىلىڭ ھارامدۇر، ھەججىڭ مەقبۇل ئەمەستۇر" دەيدۇ». [تەبەرانى رىۋايىتى].

ھەجگە بېرىپ-كېلىش ۋە ھەج ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىش جەريانىدا ھېچ بىر كىشىدىن بىر نەرسە تىلىمەسلىكى، قەرز سورىماسلىقى كېرەك. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ ئەزىز قىلىدۇ، باي بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ باي قىلىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى]. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «تىلەمچىلىككە ئادەتلىنىپ ھايات كەچۈرگەن ئادەم، قىيامەت

كۆنى يۇزىدە بىر چىشلەممۇ گۆش بولمىغان ھالەتتە كېلىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىدە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، بۇ مۇقەددەس جايلاردا ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشى، ھەج ئىبادىتىدىن ھېچقانداق دۇنياۋى مەنپەئەت كۈتمەسلىكى، ئىبادەتلىرى رىيادىن، ھاجىلىق بىلەن شۆھرەت تېپىش نىيىتىدىن ۋە پەخىرلىنىشتىن قەتئىي يىراق بولۇشى لازىم. چۈنكى يۇقىرىدىكىدەك قاباھەتلىك نىيەتلەر بىلەن ھەج قىلىش بولسا، ھەجنىڭ قوبۇل بولماسلىقى ۋە ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ كَانَ يُرِيدُ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا نُوَفِّ إِلَيْهِمْ أَعْمَالَهُمْ فِيهَا وَهُمْ فِيهَا لَا يُبْخَسُونَ، أُولَئِكَ الَّذِينَ لَيْسَ لَهُمْ فِي الْآخِرَةِ إِلَّا النَّارُ وَحَبِطَ مَا صَنَعُوا فِيهَا وَبَاطِلٌ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ تەرجىمىسى: «قىلغان ياخشى ئەمەللىرى بىلەن

پەقەت ھاياتى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى (يەنى دۇنيانىڭ نېئمەتلىرىنى ) كۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تولۇق بېرىمىز. دۇنيادا ئۇلارنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە ئاخىرەتتە دوزاختىن باشقا نەرسە يوقتۇر. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى يوققا چىقىرىلىدۇ، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.» [ھود سۈرىسى 15-16- ئايەتلەر]. يەنە بىر ئايەتتە: ﴿مَّن كَانَ يُرِيدُ الْعَاجِلَةَ عَجَّلْنَا لَهُ فِيهَا مَا نَشَاء لِمَن نُّرِيدُ ثُمَّ جَعَلْنَا لَهُ جَهَنَّمَ يَصْلاهَا مَذْمُومًا مَّدْحُورًا وَمَنْ أَرَادَ الآخِرَةَ وَسَعَى لَهَا سَعْيَهَا وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولَئِكَ كَانَ سَعْيُهُم مَّشْكُورًا﴾ تەرجىمىسى: «بىز بۇ تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان دۇنيانى كۆزلىگەنلەرنىڭ ئىچىدىن خالىغان ئادەمگە خالىغانچە بېرىمىز، ئاندىن ئۇنى ئاخىرەتتە جەھەننەم بىلەن جازالايمىز. جەھەننەمگە ئۇ خارلانغان (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن) قوغلانغان ھالدا كىرىدۇ. كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق

ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى(ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ.» [سۈرە ئىسرا 18-19- ئايەتلەر].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا: مەن شېرىكتىن بىھاجەتمەن، كىمكى بىر ياخشىلىقنى قىلىپ، ئۇنىڭغا باشقا بىرىنى ماڭا شېرىك قىلسا، ئۇنى شېرىكى بىلەن قويۇپ قويىمەن(يەنى شېرىك كەلتۈرۈش ئارقىلىق قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەجىر-ساۋابىنى شېرىكىدىن تېپىۋالسۇن)" دىدى.» [مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايىتى].

ھەج قىلماقچى بولغان كىشى، تائەت-ئىبادەتلەرنى ياخشى قىلىدىغان، تەقۋادار ۋە دىنىي ئالىملار بىلەن ھەمراھ بولۇپ ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشى لازىم. بىلىمسىز، پاسىق ئادەملەر بىلەن سەپەرداش بولماسلىقى كېرەك.

ھەج قىلماقچى بولغان كىشى ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىگە ئالاقىدار بولغان بارلىق ئەھكاملارنى ئۆگىنىشى،

بىلمىگەن مەسىلىلەرنى بىلگەنلەردىن سوراپ، پائالىيەت جەريانىدىكى ھەربىر ئەمەلنى بىلىپ تۇرۇپ قىلىشى لازىم. سەپەردە ئاپتوموبىل، ماشىنا، ئايروپىلان ۋە پويىز، پاراخوت قاتارلىق بارلىق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ قايسى بىرىگە ئولتۇرغاندا، "سۇبھانەئاللاھ، ئالھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇئەكبەر" نى ئۈچ قېتىم دېگەندىن كېيىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇشى كېرەك:
﴿سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ ﴾
تەرجىمىسى: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەگەن زات پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلغۇچىلارمىز.» [سۈرە زۇخرۇف 13-14- ئايەتلەر]. سەپەرگە ئاتلانغان كىشى يۇقۇرىدىكى ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇشى لازىمدۇر: «اللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوَى، وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَى، اللَّهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هَذَا وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَهُ، اللَّهُمَّ أَنْتَ الصَّاحِبُ فِي السَّفَرِ، وَالْخَلِيفَةُ فِي الأَهْلِ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ، وَكَآبَةِ الْمَنْظَرِ وَسُوءِ الْمُنْقَلَبِ فِي

الْمَـالِ وَالأَهْـلِ.» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! بۇ سەپىرىمدە بىزگە ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق ئاتا قىلغىن ۋە سەن رازى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن. بىزنىڭ بۇ سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن. بىزگە ئۇزۇن يوللارنى يېقىن قىلىپ بەرگىن. ئىي پەرۋەردىگارىم! بۇ سەپىرىمدە سەن مىنىڭ ھەمراھىمدۇرسەن. ئەھلى- ئەۋلادىمىزدىن خەۋەر ئالغۇچىدۇرسەن. ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن سەپەرنىڭ قىيىنچىلىقىدىن، كىلىشمەسلىك ۋە غەم ـئەندىشىلەردىن، پەرزەنت ۋە مال-مۈلۈكلىرىمنىڭ ئەھۋالىنىڭ يامانلىقىدىن ئۆزگىرىشىدىن سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن». [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇت، ئەھمەد ۋە دارىمى رىۋايىتى].

ھەج قىلماقچى بولغان كىشى سەپەر جەريانىدا بەش ۋاقىت نامازنى قازا قىلماستىن جامائەت بىلەن ئادا قىلىشى، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ زىكىر-تەسبىھنى كۆپ ئېيتىشى، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، مەنىسىنى تەپەككۇر قىلىشى، مىش- مىش گەپ ـسۆزلەردىن تىلىنى يىغىشى، ئەھمىيەتسىز

ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى، باشقىلار بىلەن چاقچاقلاشسا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكى، غەيۋەت قىلىش ۋە گەپ توشۇش، يالغان سۆزلەش ۋە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش ياكى مەنسىتمەسلىك قاتارلىق ئىشلاردىن قەتئىي ساقلىنىشى زۆرۈر بولىدۇ. سەپەرداشلىرىغا ھەردائىم ياخشىلىق قىلىپ، يامانلىق قىلىشتىن ساقلىنىشى، قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە چىرايلىقچە ۋەز-نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

## ھەج قىلغۇچىنىڭ مىقاتتقا كەلگەندە قىلىدىغان ئەمەللىرى

ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلغان كىشى مىقاتتقا كەلگەندە غۇسۇل قىلىپ(يەنى پۈتۈن بەدەننى پاكلاپ)، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى مۇستەھەبتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىقاتتقا كەلگەندە تىكىلگەن كىيىمنى سېلىپ، غۇسۇل قىلىپ، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ئېھرامغا كىرگەنلىكى سۈننەتتە بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە ئېھرامدىن چىقىپ پەرز تاۋاپ قىلىش ئالدىدا خۇشبوي ئەتىرلەرنى چېچىپ قوياتتىم». [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ھەج سەپىرىدە «ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھا ئادەت كۆرۈپ قالىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى غۇسلى قىلىپ ئۆمرەگە

ئېھرام باغلاشقا بۇيرۇيدۇ». يەنە بىر ھەدىستە: «ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللەھۇ ئەنھا زۇلھۇلەييە مىقاتىغا كەلگەندە بوشىنىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ غۇسلى قىلىپ ئېھرامغا كىرىشكە بۇيرىدى». [مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى]. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەگەر ئايال كىشى ھەج ئەسناسىدا يەنى مىقاتقا ھەيزدارلىق ھالەتتە كەلگەن بولسا ياكى تۇغسا، باشقىلارغا ئوخشاشلا يۇيۇنۇپ ئېھرامغا كىرىدۇ. كەئبىنى تاۋاپ قىلىشتىن باشقا بارلىق ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىۋېرىدۇ. پاكلانغاندىن كېيىن كەئبىنى تاۋاپ قىلسا بولىدۇ.

ھەج ئۈچۈن مىقاتقا كېلىپ ئېھرام باغلىماقچى بولغان كىشى، ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن ئېھتىياجى بولماسلىقى ئۈچۈن، بۇرۇتلىرىنى قىسقارتىشى، تىرناقلىرىنى ئېلىپ، قولتۇق ۋە ئەۋرەتلىرىنىڭ تۈكلىرىنى تازىلىشى مۇستەھەبتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «بەش

ئىش پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىدۇر؛ خەتنە قىلىش، ئەۋرەتنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاش، بۇرۇتنى قىسقارتىش، تىرناقنى ئېلىش، قولتۇقنىڭ تۈكىنى تازىلاش.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ بىزگە تىرناقنى ئېلىش، ئەۋرەت، بۇرۇت، قولتۇق قاتارلىق ئەزالارنى تازىلاشنى قىرىق كۈندىن ئاشۇرىۋەتمەسلىكىمىزنى تەۋسىيە قىلدى.» [مۇسلىم رىۋايىتى]. ئىمام نەسائىينىڭ رىۋايىتىدە: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋرەتنىڭ تۈكىنى تازىلاشقا ۋاقىت بەلگىلەپ بەردى» دېگەن.

ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن مەيلى ئەر مەيلى ئايال بەدىنىنىڭ ھېچبىر يېرىدىن تۈك ئالمايدۇ. ئەمما ساقالنى مەيلى ئېھرامدا ياكى باشقا چاغلاردا ئېلىش دۇرۇس ئەمەس. بەلكى ساقالنى قويۇش ۋاجىبتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلارغا ئوخشىماسلىق ئۈچۈن

ساقىلىڭلارنى كامىل قويۇڭلار، بۇرۇتۇڭلارنى قىسقارتىڭلار». [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەجۇسىلارغا ئوخشاپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، بۇرۇتىڭلارنى قىسقارتىپ، ساقىلىڭلارنى قويۇۋېتىڭلار.» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

ھازىرقى كۈندە مۇسىبەتلەر چوڭىيىپ كەتتى. كىشىلەر ساقال قويۇش سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، بۇ سۈننەتكە قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. ئاللاھ تائالادىن قورقمىغان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي. بەزى ئەھلى ـ ئىلىملەر ۋە مۇدەررىسلەر ساقال چۈشۈرۈش مۇسىيبىتىگە گىرىپتار بولدى. بۇ بولسا ئەھلى ئىسلام ئىچىدىكى كاتتا ۋە زور مۇسىبەتتۇر. بىز رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئاللاھ تائالادىن تىلەيمىزكى، بىزگە ۋە دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشقا تەۋپىق ـ ھىدايەت بەرسۇن. ئاللاھ

تائـالادىن ھەمـمە مۇسـۇلمانلارغا ھـىدايەت ۋە نۇسـرەت تىلـەيمـىز. ئامىـين...

ئاندىن كىيىن ئەركىشى ئىككى پارچە رەختتىن ئىبارەت بولغان ئىھرام كىيىمىنى كىيىدۇ. بىر پارچىسىدا بەلنىڭ ئاستىنى يەنە بىر پارچىسىدا بەلنىڭ ئۈستى تەرىپىنى ئورايدۇ. ئاق رەختتە ئىھرام باغلاش مۇستەھەبتۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىھرامغا كىرگەندە كەش كىيىش مۇستەھەبتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئىھرامغا كىرسە رىدا، ئىزار ۋە ئىككى كەش بىلەن ئىھرامغا كىرسۇن.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

ئايال كىشى ئاق ياكى يېشىل قايسى رەڭدە بولسۇن تاپقان كىيىمى بىلەن ئىھرامغا كىرسە بولىدۇ. ئايالالارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىھرام باغلىشى جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك ئايالالارنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش كىيىم كىيىشى ھارامدۇر. شۇنداقلا قىز-خانىملارنىڭ ئىھرامدىكى ھالەتلىرىدە پەلەي ۋە يۈزىنى يېپىشى ۋاجىب ئەمەس. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىھرامدىكى

ئايالـلارنىـــڭ يـۈزىنى ئورىشــى ۋە پەلـەي كـيـىشـــىنى چەكلـىــگەن. بەزىلـەرنىــڭ ئايــالـلار قــارا يــاكى يېشــىل رەڭلىــك كــيىم بىــلەن ئېهرامغـا كـىرىشـى كېـرەك دېـگەن سـۆزنىـڭ هېچقانـداق دەلىلـى يوقتۇر.

مىقاتتقا كەلگەنلـەر بەدەنلىرىنـى پـاكلاپ، غۇسـۇل قىلىــپ ئېهرام باغلىغاندىن كېيىن، قايسى ئىبـادەتنى قىلمـاقچى بولسـا (يەنى ئۆمرە ياكى هەج ياكى هەج-ئۆمرە) شۇنىڭغا قەلبىـدە نىيەت قىلىـدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دەيـدۇ: «ئەمەللەرنىڭ قوبول بولىشى نىيەتكە بـاغلىق، هەر كـىشى ئـۆزى نىـــيەت قىلغـــان نەرســـىگە ئېرىشــــىدۇ». [بۇخـــارى ۋە مۇســـلىم رىۋايىتى].

هەج يـاكى ئـۆمرە قىلمـاقچى بولغـان كـىشىنىڭ تىلـى بىلەن نىيەت قىلىشىمۇ جايىزدۇر. ئەگەر ئۆمرە قىلماقچى بولسـا "ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئۆمرە قىلىشقا نىيەت قىلدىم" دەپ تىلـى بىلەن نىيەت قىلىدۇ. ئەگەر هەجگە ئېهرام باغلىماقچى بولسـا "ئى پەرۋەردىگارىم! مەن هەج قىلىشنى نىيەت قىلدىم" دەپ تىلـى

بىلەن نىيەت قىلىدۇ. ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن نىيەتنى قاتناش قورالىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان. ئېھرامدىن باشقا ئىبادەتلەردە تىلى بىلەن نىيەت قىلىش سەننەتتە كۆرسىتىلمىگەن. ناماز، تاۋاب، سەئيى ۋە ئىبادەتلەردە تىلى بىلەن تەلەپپۇز قىلىپ نىيەت قىلىشى بىدئەتتۇر. ئەگەردە ئېھرامغا كىرىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا نىيەتنى تەلەپپۇز قىلىش جايىز بولغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزى ياكى ئەمەلىيىتى بىلەن ساھابە كىراملارغا تەلىم بەرگەن بولاتتى ۋە ئۇلار ئەمەل قىلىشقا ئالدىرىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە-!.

بارلىق ئىبادەتلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىلغان ئىشلىرى ياكى سۆزلىگەن ھەدىسلىرىگە ئۇيغۇن بولىشى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن مەزكۇر ئەمەلنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولغانلىقى مەلۇمدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشتۇر، يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر ۋە بىدئەتنىڭ ھەممىسى گۇمراھلىقتۇر (يەنى ھەق يولدىن ئېزىپ كەتكەنلىكتۇر).» [بۇخارى ۋە دارىمى رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ھەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمىكى دىنىدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا رەت قىلىنىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم].

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمىكى دىنىمىزدا يوق ئىشلارنى ئىبادەت دەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەملى ئۆزىگە قايتۇرىلىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

## مىقات(ئېھرام باغلايدىغان ئورۇنلار) توغرىسىدا

ئېھرام باغلايدىغان جاي بەشتۇر:

1-زۇلھۇلەيفە: بۇ مەدىنە تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان ئورنى بولۇپ، ھازىر خەلق ئۇ يەرنى ئەبيار ئەلى دەپ ئاتايدۇ.

2-جۇھفە: بۇ شام تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان جايدۇر. بۇ يەر يېقىنقى مەزگىللەردە خارابىلىققا ئايلانغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ جايغا ئەڭ يېقىن ئورۇن "رابىغ" دىگەن يەردىن ئېھرامغا كىرسە مىقاتتىن ئېھرام باغلىغان بولىدۇ.

3-قەرنۇل مەنازىل: بۇ نەجدى خەلقىنىڭ ئېھرام باغلايدىغان ئورنىدۇر. ئۇ يەرنى ھازىر "سەيل ئەلكەبىر" دەپ ئاتايدۇ.

4-يەلەملەم: بۇ يەمەن خەلقىنىڭ ۋە شۇ تەرەپتىن كەلگەنلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان ئورنىدۇر.

5ـزاتى ئەرق: بۇ ئىراق تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئىھرام باغلايدىغان جايىدۇر.

مەزكۇر ئورۇنلارنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن. مۇشۇ بەلگىلەنگەن يەرنىڭ سىرتىدىن ئۆمرە ياكى ھەج ئۈچۈن ھەرەمگە كەلگەن كىشىلەر مەزكۇر ئورۇنغا كەلگەندە ئىھرام باغلايدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار ئەنە شۇ ئورۇنلارنىڭ بىرىدىن ئۆتسە، شۇ ئۆتكەن مىقاتتىن ئىھرام باغلايدۇ ۋە مەزكۇر مىقاتلارنىڭ بىرىدىن ئىھرامسىز ئۆتۈشى ھارامدۇر. ھەج ياكى ئۆمرە قىلماقچى بولغان كىشى قۇرۇقلۇقتىن ياكى دېڭىزدىن، مەيلى ئايروپىلان بىلەن كەلسۇن، مەزكۇر مىقاتلارنىڭ بىرىدىن ئۆتكەندە ئىھرامغا كىرىپ نىيەت قىلىشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر مىقاتلارنىڭ بىرىدىن ئىھرام باغلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «مانا مۇشۇ يەرلەر، ئۇ يەردىكى خەلق ياكى شۇ يەردىن ئۆتكۈچىلەردىن ھەج ياكى ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلغان

كىشىلەرنىڭ ئېھرام باغلايدىغان جايىدۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ھاۋا يولى بىلەن كېلىدىغان كىشى، غۇسۇل قىلىپ تازىلىنىپ، ئېھراملىقنى قولىغا ئېلىپ تەييارلىنىپ ئايروپىلانغا چىقىدۇ. مەزكۇر مىقاتلارنىڭ بىرىگە يېقىنلاشقاندا ئېھرامنى كىيىپ، ئۆمرە ئۈچۈن نىيەت قىلىدۇ، (يەنى ئۆمرە پائالىيەتلىرىگە يېتەرلىك ۋاقىت بولسا) بولمىسا (يەنى ھەجگە ۋاقىت قىسىلىپ قالغان بولسا) ھەجگە نىيەت قىلىدۇ. ياكى ئېھرامنى كىيىپ ئاندىن ئايروپىلانغا چىقسىمۇ بولىدۇ. لېكىن مىقاتقا كەلگەندە نىيەت قىلىپ تەلبىيە ئېيتىشى لازىمدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غۇسۇل قىلىپ ئېھرامنى كىيىپ بولۇپ ئاندىن تەلبىيە ئېيتقان ئىدى. بارلىق مۇسۇلمانلار ھەج، ئۆمرە ۋە باشقا بارلىق ئىبادەتلەردە، شۇنىڭدەك ئەدەپ-ئەخلاق ۋە باشقا ئىش-ھەركەتلەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىش ۋاجىبتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ لَقَدْ

كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيراً ) تەرجىمىسى: «سىلەر ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» [سۈرە ئەھزاب 21-ئايەت].

بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ۋە ئۆمرە ئەھكاملىرىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار.» [نەسائى رىۋايىتى].

ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئەمەس سودا-تىجارەت، ئىشلەش ۋە باشقا مەقسەتتە مەككە مۇكەررەمىگە كىرگەن كىشىنىڭ مىقاتتىن ئېھرام باغلىشى ۋاجىپ ئەمەس. بۇ كەڭچىلىك ۋە ئاسانلىق ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلىنغان چوڭ مەرھەمەتتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا كۆپ شۈكۈر قىلىشىمىز كېرەك.

جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى فەتھى قىلغان يىلى، ئېھرام باغلىماستىن ھەربىي

كىيىملەر بىلەن كىرگەن. چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ مەقسىدى ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئەمەس، بەلكى مەككە مۇكەررەمىنى فەتھى قىلىش ۋە جاھىلىيەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى.

ئەمما ئۆيى مىقاتنىڭ ئىچىدە بولغانلار، مەسىلەن: جىددە خەلقى، ئۇممى سەلەم، بەھرە، شەرائىئ ۋە مەستۇرە قاتارلىق رايۇنلاردىكى كىشىلەر ئۆز ئۆيلىرىدىن ئېھرام باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ مىقاتقا بېرىپ ئېھرام باغلىشى لازىم ئەمەس. ئەمما ئۆيى مىقاتنىڭ تىشىدا بولۇپ، مىقاتقا يېقىن بولسا، ئۇ كىشى ئۆز ئۆيىدىن ئېھرام باغلىسىمۇ بولىدۇ ياكى مىقاتقا بېرىپ ئېھرام باغلىسىمۇ بولىدۇ. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «يۇقىرىقى مۇقىملاشتۇرۇلغان مىقاتلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەر، شۇنىڭدەك مەككە خەلقى ھەج قىلماقچى بولسا، ئۆزى تۇرغان جايدىن ئېھرامغا كىرىپ نىيەت قىلىدۇ». [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەمما كىمىكى ھەرەم دائىرىسىدىكى كىشىلەردىن ئۆمرە قىلىشنى ئىرادە قىلغانلار تەنئىم مەسچىتىگە چىقىپ ئېھرام

باغلاپ نىيەت قىلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھا مەككە مۇكەررەمەدىكى ۋاقتىدا ئۆمرە قىلماقچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت سورىغاندا، ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھانىڭ ئاكىسى ئابدۇراھماننى ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھانى تەنئىم دىگەن جايغا ئېلىپ چىقىپ ئېھرام باغلاپ كىرىشكە بۇيرۇغان. ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھا ئىنىسى بىلەن تەنئىمگە چىقىپ ئېھرام باغلاپ كىرىپ ئۆمرە قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، مەككە خەلقى ياكى ۋاجىپ ئۆمرىنى قىلىپ بولۇپ ھەجگە ساقلاپ تۇرغان كىشىلەر ئۆمرە قىلماقچى بولسا، تەنئىم دېگەن يەرگە بېرىپ ئېھرام باغلاپ نىيەت قىلىدۇ. ئەمما ھەجگە چىقىدىغان چاغدا مەيلى مەككە خەلقى سىرتتىن كېلىپ ھەجنى كۈتۈپ تۇرغان ھاجىلار ئۆزى تۇرغان يەردىن ھەجگە ئېھرام باغلايدۇ. يۇقىرىدىكى ۋە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئەگەردە مەككە ئەھلى ۋە سىرتتىن كەلگەنلەر بولسۇن، ئۆمرە ئۈچۈن تۇرغان جايىدىن ئېھرام باغلاش جايىز بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ئائىشە رەزىيەللاھۇ

ئەنھانى تەنئىمگە چىقىپ ئېھرامغا كېرىپ نىيەت قىلىشقا بۇيرۇمايتتى، تۇرغان جايىدىن ئېھرامغا كېرىش بولسا، پەقەت ھەج پائالىيىتى ئۈچۈندۇر. مانا بۇ جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ سۆزىدۇر.

بەزىلەر ۋاجىپ ئۆمرەنى ھەجدىن ئىلگىرى قىلىپ بولغان تۇرۇغلۇق، ھەجدىن كېيىن تەكرار-تەكرار تەنئىمگە بېرىپ ئېھرام باغلاپ ئۆمرەگە نىيەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر، بەلكى تەرك قىلىشنىڭ ئاساسى باردۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار ھەجدىن كېيىن ئۆمرە قىلمىغاندۇر. ئەمما ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھانىڭ ھەجدىن كېيىن ئۆمرە قىلىشى بولسا، ئۇ ھەجدىن ئىلگىرى ئادەت كۆرۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار بىلەن بىرگە ۋاجىپ ئۆمرەنى قىلالمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا ھەجدىن كېيىن مەزكۇر ئۆمرەنى قىلدى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھاغا ئوخشاش مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلى ۋاجىپ ئۆمرەنى ھەجدىن ئىلگىرى ئادا قىلالمىغان كىشى ھەجدىن كېيىن ئۆمرە قىلسا، يۇقىرىقى دەلىلگە ئەمەل قىلغان بولىدۇ.

ھەجدىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلىپ بولغان ھاجىلارنىڭ ساۋاپ تاپىمىز دەپ تەكرار-تەكرار ئۆمرە قىلىشى، كۆپچىلىككە مۇشەققەت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشكە مۇيەسسەر قىلسۇن. ئامين!...

## ھەج ئايلىرىدىن باشقا ۋاقىتتا مىقاتتقا كەلگەن كىشىلەر توغرىسىدا

ھەرەم چېگرىسىغا كەلگۈچىنىڭ (مىقاتتقا) ئەھۋالى ئىككى خىلدۇر:

1ـ ھەج ئايلىرىدىن باشقا بىر ۋاقىتتا پەقەت ئۆمرە قىلىش مەقسىدى بىلەن كەلگەن كىشى ئېھرامغا كىرگەندە پەقەت ئۆمرە قىلىشنىلا تىلى ۋە دىلى بىلەن نىيەت قىلىدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقان تەلبىيەنى ئېيتىدۇ: «اللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَ شَرِيكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ، وَالنِّعْمَةَ، لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَشَرِيكَ لَكَ» تەرجىمىسى: (ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سېنىڭ ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلىپ كەلدىم، سېنىڭ ئەمرىڭنى بىجا كەلتۈرىمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر، ھەقىقەتەن ھەمدۇ-ساناھ نېئمەتلەر ۋە پۈتۈن مۈلۈك سېنىڭدۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر.) [بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايىتى].

مىقاتلارنىڭ بىرىدىن ئېھرام باغلىغان كىشى بەيتۇللاھقا يېتىپ كەلگىچە تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىشى ۋە ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلىش لازىم. بەيتۇللاھقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تەلبىيە ئېيتىشنى توختۇتۇپ، كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ. تاۋاپ تۈگىگەندىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ياكى مەسجىدى ھەرەمنىڭ قايسى بىر يېرىدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. ئاندىن سافا-مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ. بۇ "سەئيە" دەپ ئاتىلىدۇ. (يەنى سافادىن مەرۋىگە بېرىشى بىر قېتىم ، مەرۋىدىن سافاغا قايتىشى يەنە بىر قېتىم ھېسابلىنىدۇ). ئۇنىڭدىن كېيىن چېچىنى چۈشۈرىدۇ ياكى قىسقارتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆمرە تاماملىنىپ، ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىش جايىز بولىدۇ.

2-ھەج ئايلىرىدا مىقاتقا كەلگەن كىشىلەردۇر. يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى ھەج ئايلىرىدۇر. بۇ ئايلاردا مىقاتقا كەلگەن كىشى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ھەج ئىبادىتىنىڭ بىرىنى نىيەت قىلىدۇ. بىرىنجى: ھەج

ئىنفىراد( يالغۇز ھەج قىلىش). بۇ تۆردىكى ھەجنى قىلماقچى بولغان كىشى ئۆمرەنى قوشماي پەقەت ھەجنىلا نىيەت قىلىدۇ. ئىككىنچى: ھەج تەمەتتۇئ (ئۆمرە بىلەن ھەجنى ئايرىم-ئايرىم قىلىش). بۇ تۆردىكى ھەجنى قىلماقچى بولغان كىشى مىقاتتا ئېھرام باغلىغاندا، ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ھەرەمگە كېلىپ ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، ھەجگىچە ئېھرامسىز يۈرىدۇ. ھەج ۋاقتى كەلگەندە قايتىدىن ھەجگە ئېھرام باغلاپ، ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىدۇ. ئۈچىنچى: ھەج قىران(ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىرلىكتە قىلىش). بۇ ئىبادەتنى قىلماقچى بولغان كىشى مىقاتتا ئېھرام باغلىغاندا ئۆمرە ۋە ھەجنى بىرلىكتە ئادا قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ھەرەمگە كېلىپ كەبىنى تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن تاكى قۇربانلىقنى ئادا قىلغۇنچە قەدەر ئېھرامدىن چىقمايدۇ.

كىمىكى ھەج ئايلىرىنىڭ ئىچىدە يالغۇز ھەجگە ياكى ھەج بىلەن ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن ئېھرامغا كىرسە، ئەگەر ھەدىيەنى(يەنى قۇربانلىق قىلىدىغان مالنى) بىرگە ئېلىپ

كەلمىگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەل بولغىنى تەمەتتۇئ يەنى ئۆمرە نىيىتى بىلەن ئېھرام باغلاشتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابە كىراملىرى بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن يولغا چىقىپ، مىقاتقا كەلگەندە، ساھابىلىرىگە «ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام باغلاڭلار»دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە بەزى ساھابىلەر ئۆزلىرى بىلەن ھەدىيە(قۇربانلىق قىلىدىغان مالنى) ئېلىپ كەلگەن ئېدى. ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن ساھابىلەرمۇ ئۆمرە قىلدى. تاۋاپ ۋە سەئيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەدىنىدىن قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن ساھابىلەر ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ئىھرامدىن چىقمىدى. ئۇلار ھەج ئىبادىتىنى تاماملاپ، زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنجى كۈنى قۇربانلىق قىلىپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ، شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئېھرامدىن چىقتى.

ئەگەر كىشى يەل ياكى بەزى چەكلىمىلەر سەۋەبىدىن ھەرەمگە يېتىپ بارالماسلىقتىن قورققان كىشى ئېھرام باغلىغاندا: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلدىم، ئەگەر يولۇم توسۇلۇپ قالسا شۇ يەردە ئېھرامدىن چىقىمەن» دەپ شەرت قىلسۇن. زۇبائە بىنت زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «يا رەسۇلۇللاھ! مەن ھەج قىلىشنى خالايمەن، ئەمما مەندە كېسەللىك بار دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەگەر يولۇم توسۇلۇپ قالسا شۇ يەردە ئېھرامدىن چىقىمەن دەپ شەرت قىلىپ ھەجگە نىيەت قىلىڭ» دەيدۇ. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

بۇ شەرتنىڭ پايدىسى شۇكى؛ ئېھرامغا كىرگەن كىشى قايسى بىر سەۋەپ بىلەن ھەرەمگە كىرەلمەي ئىھرامدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا لازىم بولمايدۇ.

## نارەسىدە بالىلارنىڭ ھەج قىلىشى توغرىسىدا

بالاغەتكە يەتمىگەن ئوغۇل-قىز نارەسىدە بالىلارنىڭ قىلغان ھەججى دۇرۇس بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئايالاردىن بىرى رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ: بۇ بالا ھەج قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ: بولىدۇ ۋە سىزگە ساۋاب بېرىلىدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

سائىب ئىبنى يەزىد: «مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا، مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ھەج قىلدۇرغان ئىدى، دەيدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

لېكىن ئۇ بالىلارنىڭ ئۈستىدىن ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان پەرز ھەج ساقىت بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، قول-دىدەكلەر ھەج قىلسا، ھەجنىڭ ئەجرى بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەججى پەرز ھەجگە ھېساب بولمايدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: «ھەرقانداق ئۆسمۈر كىچىكلىكىدە ھەج قىلغان بولسا، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن باشقا ھەج قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ھەرقانداق قۇل ھەج قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھۆرلىككە ئېرىشسە، باشقا ھەج قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ.» [ئىبنى ئەبى شەيبە ۋە بەيھەقى رىۋايىتى].

كىچىك بالىنى ھەج قىلدۇرماقچى بولغاندا، ھەج قىلدۇرىدىغان كىشى ئۇنىڭ ئېھرامىنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەلبىيە ئېيتىدۇ (ئەگەر مەزكۇر بالا ئىبادەتنى چۈشەنمەيدىغان ھالەتتە بولسا). بالا شۇنىڭ بىلەن ھەج ياكى ئۆمرىگە كىرگەنلەرنىڭ قاتارىدىن بولىدۇ. بۇ بالىغا ئېھرامدا چوڭلارغا مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنئىي قىلىنىدۇ. قىز بالىنىڭ ھۆكمىمۇ ئوغۇل بالىغا ئوخشاشتۇر.

ھەج قىلدۇرۇلغان كىچىك بالىلارنىڭ بەدەنلىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى تاۋاپ ۋاقتىدا پاكىزە بولىشى لازىم. چۈنكى تاۋاپ نامازغا ئوخشايدۇ. نامازنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن بەدەن ۋە كىيىم-كېچەكنىڭ پاك بولىشى شەرت بولغاندەك، كەئبىنى

تاۋاپ قىلىش ئۇچۇنمۇ بەدەن ۋە كىيىم-كېچەكنىڭ پاك بولىشى شەرت قىلىنىدۇ.

ھەج قىلىدىغان ئۆسمۈر بالىلار ئاڭلىق ھالەتتە بولسا،(يەنى ئىبادەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بولسا) ۋەلىسىنىڭ ئىزنى بىلەن ئېھرامغا كېرىپ، نىيەت قىلىدۇ. ئۇلار ئېھرامغا كىرىش ئالدىدىكى بارلىق ئىشلارنى چوڭلارغا ئوخشاش ئادا قىلىدۇ. ئۇلار قىلالمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاتا-ئانىسى قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: شەيتانغا تاش ئاتىدىغان ۋە قۇربانلىق قىلىدىغان ئىشلارنى ۋەلىسى قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ بالا ئەرافاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفە ۋە مىنادا قونۇش ئىشلىرىنى ۋەلىسى بىلەن بىرلىكتە ئادا قىلىدۇ. كىچىك بالىلار كەئبىنى تاۋاپ قىلىش ۋە سافا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيە قىلىشقا كۈچى يەتمىسە، كۆتۈرۈپ تاۋاپ ۋە سەئيە قىلدۇرىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ سەئيە ۋە تاۋاپ قىلسا، بۇ ھەم ئۆزى ھەم بالىسى ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەردە ئۆزى ئۈچۈن ئايرىم، بالا ئۈچۈن ئايرىم تاۋاپ ۋە سەئيى قىلىش ۋاجىپ بولغان بولسا

ئــدى، رەســۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ســەبىي بالىنىڭ ھەججى توغرىسىدا سورىغان ئايال ساھابىگە بايان قىلغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن ۋەلىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بىر تاۋاپ، كىچىك بالا ئۈچۈن باشقا بىر تاۋاپ قىلىشقا قۇدرىتى يەتسە ياكى مۇشەققەت ھېس قىلمىسا، ئايرىم قىلغىنى ياخشىدۇر.

ئاتا-ئانىسى ھەججگە بىرگە ئېلىپ كەلگەن قىز-ئوغۇل سەبىيلەرگە ئېھرام باغلىشى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ ھەققىدە نەپلىدۇر. ئېھرام باغلىتىپ نىيەت قىلىنسا، ئەجرى بولىدۇ، ئەگەر تەرك ئېتىلسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ئىھرام باغلىغان كىشىگە جائىز بولىدىغان ۋە جائىز بولمايدىغان ئىشلار

*ئەر ياكى ئايال بولسۇن چاچ، تىرناقلىرىنى ئېلىشى، ئەتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى جائىز ئەمەس.

*ئەرلەرنىڭ تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىشى، مەسىلەن: ئىشتان-كۆينەك ياكى ئىچ كىيىم، ئۆتۈك-مەيسە ياكى پايپاق قاتارلىق نەرسىلەرنى كىيىشى جائىز ئەمەس.

ئەگەر ئىھراملىق رەخت تاپالمىسا، ئىشتان كىيسە ياكى كەش تاپالمىسا ئۆتۈك ياكى مەيسە كىيسە جائىز بولىدۇ. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللەھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىيىش تاپالمىغان ئادەم ئۆتۈك كىيسۇن، ئىزار تاپالمىغان ئادەم ئىشتان كىيسۇن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم

رىۋايىتى]. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ راۋايەت قىلغان «كىيىش تاپالمىغان كىشى ئۆتۈكنىڭ قونجىسىدىن كېسىۋېتىپ كىيسۇن»دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىيىش تاپالمىغان كىشى ئۆتۈكنىڭ قونجىسىدىن كېسىۋېتىپ كىيسۇن»دىگەن سۆزنى مەدىنىدە مۇنەۋۋەردىكى ۋاقتىدا، بۇ ھەقتە سورالغىنىدا دېگەن. ئەمما «كىيىش تاپالمىغان ئادەم ئۆتۈك كىيسۇن، ئىزار تاپالمىغان ئادەم ئىشتان كىيسۇن» دېگەن سۆزنى ئەرەپات مەيدانىدا سۆزلىگەن نۇتۇقىدا بايان قىلغان. بۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتۈكنى كىسىپ كىيىش قىلىپ كىيىشكە بۇيرۇمىغان. ئۇسۇلى تەپسىر، ئۇسۇلى ھەدىس ۋە ئۇسۇلى فىقھى قاتارلىق پەنلەردە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېيىنكى سۆزلىگەن سۆزى، ئاۋۋالقى سۆزنى مەنسۇخ قىلىدۇ(يەنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ) دەپ بېكىتىلگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن ئۆتۈكنى كېسىپ كىيسۇن دېگەن ھەدىسكە ئەمەل

قىلىنمايدۇ. پىتىنىكىگە ئوخشاش ھوشۇقنىڭ ئاستىدا تۇرىدىغان نەرسە كىيسە بولىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇ كىپىش ھۆكمىدە بولىدۇ.

*ئېھرامنىڭ بەلنىڭ ئاستىغا باغلىغان قىسمى (ئىزار)نى كەمەر ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن باغلاش جائىزدۇر.

*ئېھرامدىكى كىشى بېشىنى يۇسا ياكى يۇيۇنسا، ھاجەت بولۇپ قېلىپ بېشىنى قاشلىسا، بۇ سەۋەبلىك بېشىدىن بىر نەچچە تال چۈشۈپ كەتسە ھېچ ۋەقەسى يوق.

*ئېھرامدىكى ئاياللارنىڭ يۈزىنى يۆگىۋېلىشى ۋە قولىغا پەلەي كىيىشى جائىز ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئايال كىشى ئېھرامدا يۈزىنى يۆگىمەيدۇ ۋە پەلەي كىيمەيدۇ.» [بۇخارى رىۋايىتى].

ئەمما ئاياللار يۈزىنى يېپىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولغاندا، يۈزىنى يوگىۋېلىشى جائىز بولىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق، ئەرلەر يېنىمىزدىن ئۆتكەندە يۈزىمىزنى ئورىۋالاتتۇق، ئۇلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاچاتتۇق.»[ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە]. ئىمام دارقۇتنى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

ئاياللار ئەرلەر بار يەردە يۈزىنى ۋە ئىككى قولىنى يۆگىۋېلىشى كېرەك. چۈنكى ئايالنىڭ يۈزى ۋە قولى ئەۋرەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ ﴾ تەرجىمىسى: «ئاياللار زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن باشقا كىشىگە كۆرسەتمىسۇن.» [سۈرە نۇر31-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە قولىنىڭ، جامالىغا دالالەت قىلىدىغانلىقىدا ھېچ شەك يوقتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر

نەرسە سوراپ ئالماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار. بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ.» [سۈرە ئەھزاب 53-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

بەزى ئاياللار رومال ۋە چۈمبەللەر يۈزۈمگە تېگىپ قالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئاستىغا بىر نەرسە باغلىۋالىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ شەرىئەتتە ھېچ ئاساسى يوقتۇر. چۈنكى ئۇنداق قىلىش شەرىئەتتە يولغا قويۇلغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممىتىگە بايان قىلغان بولاتتى.

*ئېھرامغا كىرگەن ئەر ياكى ئايال، ئېھراملىقى كىر بولۇپ قالسا، ئۇنى يۇيۇپ كىيسە ياكى ئالماشتۇرۇپ باشقا ئېھرام كىيسە بولىدۇ.

*ئەر كىشى زەپەرگە ئوخشىغان شېرىن پۇراقلىق ماددىلاردا بويالغان سارغۇچ رەڭلىك رەختتە ئېھرام كىيىشى جائىز ئەمەس.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئوخشىشىدىكى رەختىلەردىن ئېھرام كىيىشتىن چەكلىگەن.

*ئېھرامدىكى كىشى ئويۇن-چاقچاق ۋە ھاياسىز گەپ-سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشى، باشقىلار بىلەن جېدەل-ماجرا ۋە تالاش-تارتىش قىلىشتىن يىراق تۇرۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ ﴾ تەرجىمىسى: «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر، بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جېدەل-ماجرا قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.» [سۈرە بەقەرە 197-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەركىمكى، جىنسى ئالاقىغا تەئەللۇق سەت گەپ قىلمىغان ۋە گۇناھ ئىشلىمىگەن ھالدا ھەج قىلسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغاندەك پاك قايتىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەمما ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن ياكى ناھەقچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياخشى ئۇسۇللار بىلەن تالاش-تارتىش قىلسا گۇناھ بولمايدۇ. بەلكى ھەربىر مۇسۇلمان ھەقىقەتنى سۆزلەشكە بۇيرۇلغاندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا(ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.» [سۈرە نەھىل 125-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

*ئېھرامدىكى ئەركىشىنىڭ بېشىنى يۆگىشى ۋە دوپپىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى كىيىشى جائىز ئەمەستۇر. ئەرەفاتتا تۆگىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ۋاپات بولغان كىشى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «بۇ كىشىنى سۇ ۋە خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن يۇيۇپ، ئېھرامغا كېپەنلەڭلار، بېشى ۋە يۈزىنى ئورىماڭلار، ئۇ قىيامەت كۈنى

تەلبىيە ئېيتقان ھالەتتە تۇرغۇزۇلىدۇ.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس، بۇ ھەدىسنىڭ مۇسلىم رىۋايىتىدىكى تېكىستى]. كۈنلۈك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسىنى سايىۋەن قىلىش، ماشىنا ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇش ئېھرامغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ. كۈنلۈك تۇتۇش، چېدىردا ئولتۇرۇش، دەرەخنىڭ سايىسىدا سايىداش بولسا ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىشلاردۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىۋاتقاندا، رەخت بىلەن سايە قىلىپ بېرىلگەنلىكى سەھىھ ھەدىسلەردە سابىتتۇر. ئەرەفاتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىستىراھەت قىلىش ئۈچۈن، نەمىرە دېگەن ئورۇنغا چېدىر تىكىپ بېرىلدى ۋە رەسۇلۇللاھ شۇ جايدا كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر قالدى.

*ئېھرامدىكى كىشىگە(ئەر ياكى ئايال بولسۇن) ئوۋ ئوۋلاش، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش، جانىۋارلارنى ئۇۋىسىدىن قوزغاش، نىكاھلىنىش، ئايالى بىلەن جىنسى ئالاقە قىلىش، ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش ھەققىدە پاراڭلىشىش، ئۆز ئايالىنى شەھۋەت بىلەن

قۇچاقلاش ھارامدۇر. ئۆسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئېھرامدىكى كىشى جىنسىي ئالاقە قىلىش، نىكاھلىنىش ۋە سۆز سالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئېھرامدىكى كىشىنىڭ ئەتىر ۋە باشقا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى جائىز ئەمەس. ئۇنۇتقان ياكى بىلمىگەنلىكتىن بېشىنى يۆگەپ سالغان بولسا ياكى ئەتىر ئىشلىتىپ تاشلىغان بولسا، بىلمىگەنلىكتىن بېشىنى چۈشۈرۈپ ياكى تىرنىقىنى ئېلىپ سالغان بولسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان مەزكۇر نەرسىدىن يىراقلىشىشى لازىمدۇر. قەستەنلىك بىلەن قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر قىلمىش ئۈچۈن باشقا كاپارەت لازىم بولمايدۇ.

*مۇسۇلمان ئەركىشى ياكى ئايال كىشىنىڭ ئېھرامدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ھەرەمنىڭ جانىۋارلىرىنى تۇتىشى، ئۆلتۈرىشى ياكى بىرەر ۋەسىلە ئارقىلىق ئۇنى تۇتۇشقا ياردەم

قىلىشى ۋە ئۇنى كۆرسىتىپ قويىشى، ھەرەمنىڭ جانىۋارلىرىنى ئۆز ئۇۋۇسىدىن قوزغىشى، دەل-دەرەخلىرىنى ۋە ئۆزى ئۆسكەن ئوت-چۆپلەرنى كېسىش ياكى يۇلۇشى ھارامدۇر. كىشىلەردىن چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى "تېپىۋالدىم" دەپ ئۆز مەنپەتىگە ئىشلىتىشى جائىز ئەمەس. ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئىگىسىنى تېپىپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئالسا بولىدۇ. سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ھەرەمنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ دەرەخلىرىنى كېسىش ياكى يۇلۇۋېتىشنى، جانىۋارلىرىنى ئوۋلاش ياكى جايىدىن قوزغاشنى، ئۆزى ئۈنۈپ قالغان گۈل-گىياھ ۋە ئوت-چۆپلەرنى كېسىش ياكى يۇلۇشنى ھارام قىلدى. لېكىن ئىگىسىنى تېپىپ تاپشۇرۇش ئۈچۈن چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ئالسا بولىدۇ.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]. مىنا بىلەن مۇزدەلىفە ھەرەم چېگرا ئىچىدىندۇر. ئەرەفات بۇنىڭ سىرتىدىدۇر.

# مەككىگە كىرگەندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ھەجگە ياكى ئۆمرەگە ئېھرام باغلاپ كەلگەن كىشى مەككە مۇكەررەمەگە كىرىشتە غۇسلى قىلىپ كىرىشى سۈننەتتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىگە كىرىشتە غۇسلى قىلىپ كىرگەنلىكى سۈننەتتە قەيت قىلىنىدۇ. مەسجىدى ھەرەمگە كەلگەندە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىش سۈننەتتۇر. مەسجىدگە كىرگەندە:«أَعُوذُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ. بِسْمِ اللّه، والصَّلاةِ والسَّلامُ عَلَىَ رَسُولِ اللَّهِ. اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» دەپ كىرىدۇ. تەرجىمىسى: «مەن ھەرەمگە ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىرىمەن، رەسۇلۇللاھقا دۇرۇد ۋە سالام يوللايمەن، ئۇلۇغ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتى، ھۆرمىتى بىلەن قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىگىنى ئاچقىن». بۇ دۇئانى ھەرەمگە ۋە ھەرقانداق مەسجىدگە كىرگەندە ئوقۇش لازىم.

ھەرەمگە كىرىش بىلەن تەلبىيە ئوقۇشنى توختىتىدۇ.

ھەرەمگە كىرگەن كىشى ھەج تەمەتتۇئ ياكى ئۆمرەنى ئىرادە قىلغان بولسا، ھەرەمگە كىرگەندىن كېيىن ھەجەر ئەسۋەدگە بارىدۇ ۋە «بىسمىللاھ ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سۆيىدۇ. ئەگەر ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق بولسا، ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈمەن دەپ مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمىسۇن. ئەگەر ھەجەرۇل ئەسۋەدگە بېرىش قىيىن بولسا، قولىنى ياكى ھاسىسىنى ھەجەر ئەسۋەدكە تەككۈزۈپ، شۇنى سۆيىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ مۇمكىن بولمىسا، يىراقتا تۇرۇپ قولى ياكى ھاسا بىلەن ھەجەر ئەسۋەدكە ئىشارەت قىلىپ« ئاللاھ ئەكبەر» دېسە كۇپايە قىلىدۇ. يىراقتىن ئىشارەت قىلغان نەرسىنى سۆيمەيدۇ.

كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا تاھارەت شەرت قىلىنىدۇ. تاۋاپ بولسا نامازغا ئوخشاشتۇر. ئەمما تاۋاپتا گەپ قىلىشقا رۇخسەتتۇر. تاۋاپ قىلغۇچى كەئبىنى سول تەرىپىدە قويۇپ تاۋاپنى باشلايدۇ. كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا باشلىغاندا تۆۋەندىكى دۇئانى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر: «اللَّهُمَّ إيمَاناً بِكَ وَتَصدِيقاً بِكِتابِكَ وَوَفاءً بِعَهْدِكَ وَاتِّبـاعاً

لِسُنَّةِ نَبِيِّكَ صلى الله عليه وسلم» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا چىن ئىمان كەلتۈردۈم، كىتابىڭغا چىن ئىشەندىم، ساڭا بەرگەن ۋەدەمگە ۋاپا قىلدىم ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەدسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشتىم» بۇ دۇئانى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاۋاپتا ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىدۇ.ئاۋۋالقى ئۈچ تاۋاپتا تېزراق ماڭىدۇ. (يەنى يەرگە چىڭ دەسسەپ، مۈرىسىنى ھەركەتلەندۈرۈپ كۈچ كۆرسەتكەن ھالدا تېزراق ماڭىدۇ). قالغان تۆت تاۋاپنى نورمال مېڭىپ ئادا قىلىدۇ. ئەمما ئاياللار نورمال ماڭىدۇ. تاۋاپنى ھەجەر ئەسۋەدتىن باشلاپ، يەنە ھەجەر ئەسۋەدتە تۈگىتىدۇ. بۇ تاۋاپ "تاۋاپ قۇدۇم"(ھەرەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىش تاۋىپى) دېيىلىدۇ. "تاۋاپ قۇدۇم" جەريانىدا، ئەرلەر ئوڭ مۆرىسىنى ئوچۇق قويۇپ، ئېھرامنىڭ ئۇچىنى ئوڭ قولتۇقى ئاستىدىن چىقىرىپ، سول مۆرىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلىشى مۇستەھەبتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىنچى قېتىم مەككە

مۇكەررەمەگە كەلگەندە ئاۋۋالقى تاۋاپتا تىزراق مېڭىپ تاۋاپ قىلغان. كېيىنكى تاۋاپلاردا يەنى "تاۋاپ قۇدۇم"دىن باشقا تاۋاپلاردا تېز مېڭىش ياكى مۈرىسىنى ئۈچۈق قويۇپ تاۋاپ ۋە سەئيى قىلىش سۈننەتتە كۆرسىتىلمىگەن.

ئەگەر تاۋاپنىڭ قېتىم ساندا شەك قىلىپ قالسا، ئازغا ھېسابلاپ تاۋاپنى تولۇقلايدۇ، يەنى تۆت قېتىم بولدىمۇ ياكى بەش قېتىم بولدىمۇ دەپ شەكلىنىپ قالسا، تۆت قېتىمغا ھېسابلاپ، قالغىنىنى تولۇقلايدۇ. ساپا-مەرۋە ئارىسىدىكى يۈرۈشتىمۇ شەكلىنىپ قالغاندا مۇشۇنداق قىلىدۇ.

كەئبىنى تاۋاپ قىلىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئېھرامنىڭ ئىككى تەرپىنى ئىككى دولىسىنىڭ ئۈستىدىن مەيدىسىگە تاشلاپ، ئىككى رەكئەت تاۋاپ نامىزى ئوقۇيدۇ.

نۆۋەتتە زىكىر قىلىش مۇھىم بولغان مەسىلىلەردىن بىرى، قىز-خانىملار توغرىسىدا بولۇپ، ئۇلار ھەرەمنىڭ ئىچىدە ۋە تېشىدا، مىنادا، مۇزدەلىفەدە، ئەرەفاتتا، تاۋاپ ۋە سەئيى قىلغاندا،

ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيگەندە، رۇكنى يەماننى سىلىغاندا يۈزنى يۆگەپ، ئەرلەر بىلەن قىستاشماستىن يىراقتىن تاۋاپ قىلىشى لازىم. شۇنداقلا خۇشپۇراق ۋە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەرسىلەرنى كىيمەسلىكى، تاۋاپتا يۈزلىرى ۋە چاچلىرىنىڭ ئېچىلىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىشى لازىم. بۇنداق ئەھۋاللار سادىر بولغاندا، ئۇلار پىتنىگە سەۋەب بولۇپ قىلىشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭ ئۆز مەھرەملىرىدىن باشقىلارغا يۈزنى ئېچىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ﴾ تەرجىمىسى: «ئاياللار زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن باشقا كىشىگە كۆرسەتمىسۇن.» [سۈرە نۇر31-ئايەت].

قىز-خانىملار ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيگەندە، ئەگەر يات ئەرگە كۆرۈنۈپ قىلىش ئېھتىماللىقى بولسا يۈزنى ئېچىشى جائىز ئەمەس. ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن قىستىشىپ، ئىشتىشىپ تاۋاپ قىلغىنىدىن يىراقتىن تاۋاپ قىلغىنى ئەۋزەل ۋە ساۋابى كۆپتۇر.

تاۋاپ قىلىش ئالدىدا ھىسسىي ۋە مەنىۋى  بارلىق گۇناھ -مەسسىيەتلەردىن پاكلانغان، رەببىگە تۆۋەنچىلىك ۋە ئىتائەتمەنلىكنى ئىزھار قىلغان ھالدا تاۋاپ قىلىش لازىم. تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلىپ دۇئا بىلەن مەشغۇل بولۇش لازىم. تاۋاپ جەريانىدا قۇرئان كەرىم ئوقۇش ياكى ئۆزى خالىغان دۇئالارنى ئوقۇسا بولىدۇ. تاۋاپ دۇئاسى ۋە سەئيە دۇئاسى دەپ مەخسۇس دۇئا يوقتۇر. بەزى كىشىلەر ھەربىر تاۋاپقا مەخسۇس دۇئا ۋە زىكرىلەرنى تەيىن قىلىۋالىدۇ. تاۋاپ ۋە سەئيىدە دۇئا-زىكىرلەرنى خاسلاشتۇرۇشنىڭ شەرىئەتتە ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر. ھەر كىشى ئۆزى بىلگەن دۇئالارنى ئوقۇسا كۇپايە قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھەر كىشى ئۆز تىلىدا مەنىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھ تائالاغا كامىل ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشى ئەۋزەلدۇر.

رۇكنى يەمانىينىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە «ئاللاھ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ئەكبەر» دەپ رۇكنى يەمانىينى ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ ئۆتىدۇ. ئەگەر رۇكنى يەمانىينى سىلاش

قىيىن بولسا تاۋاپنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. رۇكنى يەمانىيغا ھەجەر ئەسۋەدكە ئوخشاش يىراقتىن ئىشارەت قىلمايدۇ. رۇكنى يەمانىينىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندە ئىشارەت قىلىش ياكى تەكبىر ئېيتىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھېچقانداق ھەدىس يوقتۇر. رۇكنى يەمانىي بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئوتتۇرىسىدا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: ﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» [سۈرە بەقەرە 201-ئايەت].

ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئۇنى سۆيۈپ ياكى سىلاپ ياكى يىراقتىن قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئاللاھ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئۆتىدۇ. مەسجىد ھەرەمنىڭ ھەممە يېرى تاۋاپ يېرىدۇر. يېقىن-يىراق قايسى جايدىن تاۋاپ قىلسا ئوخشاشتۇر. ئادەم كۆپ بولمىسا كەئبىگە يېقىن تۇرۇپ تاۋاپ

قىلىش ئەۋزەلدۇر. تاۋاپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئارىسال بولسا ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارقىسىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئادا قىلىدۇ. ئەگەر ئادەم كۆپ بولسا، مەسجىدنىڭ قايسى يېرىدە ئوقۇسا بولاۋېرىدۇ. بۇ ئىككى رەكئەت نامازنىڭ بىرىنچى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «قۇل يا ئەييۇھەل كافىرون» سۈرىسىنى، ئىككىنچى رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» سۈرىسىنى ئوقۇش سۈننەتتۇر. ئەگەر باشقا سۈرىلەرنى ئوقىسىمۇ بولاۋېرىدۇ. تاۋاپ نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۈمكىن بولسا ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيىدۇ، بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن سافا ئىشىكىدىن چىقىپ، ئەگەر قىستاڭچىلىق بولمىسا سافا تېغىنىڭ بىرئاز ئۈستىگە چىقىدۇ-دە، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، «ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەيدۇ، ئاندىن كىيىن بۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ: «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ أَنْجَزَ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ وَهَزَمَ

الأَحْزَابَ وَحْدَهُ» تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر ۋە ھېچ شېرىكى يوقتۇر، ھاكىمى مۇتلەقلىك ئاللاھقا خاستۇر ۋە بارلىق ھەمدۇ-ساناھ ئۇنىڭ ئۇچۇندۇر، ئاللاھ تىرىلدۇرگۇچى ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچى يېتىدۇ. يالغۇز بىر ئاللاھ دىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئۇ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا غەلىبە ئاتا قىلدى ۋە دۈشمەن گوروھىنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇپ قىلدى.» بۇ دۇئانى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قولىنى كۆتۈرۈپ ھەر كىشى ئۆزى خالىغان تىلەكلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. (يۇقىرىقى زىكىر ۋە دۇئالارنى ئۈچ قېتىم تەكرار قىلىدۇ) ئۇنىڭدىن كېيىن سافا تېغىدىن چۈشۈپ مەرۋەگە قاراپ ماڭىدۇ ۋە بىرىنچى سەئيىنى باشلىغاندا بۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ: ﴿إِنَّ الصَّفَا والْمَرْوَةَ مِنْ شَعَائِرِ اللَّهِ فَمَنْ حَجَّ البَيْتَ أَوِ اعْتَمَرَ فَلاَ جُناحَ عَلَيهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِما، وَمَن تَطَوَّعَ خَيراً فَإِنَّ اللهَ شَاكِرٌ عَليمٌ﴾ تەرجىمىسى: «سافا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ

دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەج قىلغان ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەئيى قىلسا ھېچگەپ يوقتۇر. كىمكى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بىرەر ياخشىلىق قىلىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىدۇ. ئاللاھ ئەلۋەتتە شۈكۈرنىڭ مۇكاپاتىنى بەرگۈچىدۇر.» [سۈرە بەقەرە 158-ئايەت].

ئەرلەر بىرىنجى يېشىل چىراقتىن تارتىپ ئىككىنجى يېشىل چىراققا كەلگەنگە قەدەر تېزراق ماڭىدۇ. لېكىن ئاياللار ئىككى يېشىل چىراق ئوتتۇرىدا نورمال مېڭىۋېرىدۇ. يېشىل چىراقتىن ئۆتكەندىن كېيىن مەرۋەگە بارغانغا قەدەر نورمال ماڭىدۇ، مەرۋىگە كەلگەندە (ئەگەر قولاي بولسا) تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سافادا ئوقۇغان زىكىر ۋە دۇئالارنى ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەرۋە تېغىدىن چۈشۈپ سافاغا قاراپ ماڭىدۇ. ئىككى يېشىل چىراق ئوتتۇرىدا تېز ماڭىدۇ. شۇنداق قىلىپ تۆت بېرىش، ئۈچ كېلىش بولۇپ يەتتە قېتىملىق سەئيىنى تاماملايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا

مۇشۇنداق سەئيى قىلغان ۋە «ھەج ئىبادەتلىرىڭلارنى مەندىن ئۆگىنىڭلار» دېگەن.

سافا-مەرۋىدە سەئيى قىلىش جەريانىدا ئۆزى بىلگەن دۇئالارنى ئوقۇپ مېڭىش مۇستەھەبتۇر. سەئيىنى تاھارەت بىلەن قىلىش ياخشىدۇر، ئەگەر تاھارەتسىز سەئيى قىلسىمۇ جائىز بولىدۇ. چۈنكى سەئيى قىلىش ئۈچۈن تاھارەت شەرت ئەمەس. سەئيى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەركىشى چېچىنى چۈشۈرىدۇ ياكى چېچىنى قىسقارتىدۇ. شۇنىڭدەك قىز-خانىملار تاۋاپتىن كېيىن ھەيىز كۆرگەن بولسا، سەئيى قىلسا بولاۋېرىدۇ.

ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرىدە چاچنى چۈشۈرگەن، قىسقارتقاندىن ئەۋزەلدۇر.

ئەگەر كىمىكى ھەجگە ئاز قالغاندا كەلگەن بولسا، ئۆمرىدە چېچىنى قىسقارتىپ، ھەج قىلغاندا چۈشۈرگىنى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇلھەججە ئېيىنىڭ 4-كۈنى مەككە مۇكەررەمەگە يېتىپ كەلگەن، ئۆمرە

قىلغاندىن كېيىن ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەنلەرنى چىچىنى قىسقارتىپ ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇغان. چىچىنى چۈشۈرۈشكە بۇيرۇمىغان. چىچىنى قىسقارتقان كىشى بېشىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن تەكشى قىسقارتىش لازىم بولىدۇ. چىچىنىڭ بەزىسىنى چۈشۈرۈش ياكى بەزىسىنى قالدۇرۇپ قويۇش جائىز ئەمەس. ئاياللار چىچىنى چۈشۈرمەستىن، چىچىنىڭ ھەربىر ئۆرۈمىدىن چىمچىلاق قولنىڭ ئۇچى مىقدارى كېسىدۇ. يۇقۇرىدىكى ئىشلارنى قىلغان كىشىنىڭ ئۆمرە ئىبادىتى تاماملىنىپ، ئېھرامدىن چىققان بولىدۇ ۋە ئېھرامدا چەكلەنگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىش جائىز بولىدۇ.

ئەمما ھەج ياكى ئۆمرە ۋە ھەجگە بىرلىكتە نىيەت قىلغان كىشى ھەج ئىبادىتىنى تاماملاپ بولغۇچىلىك ئېھرامدىن چىقمايدۇ. ئەمما ئۆمرە قىلىشنىلا نىيەت قىلغان بولسا ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىدۇ. قۇربانلىق ھەدىيە ئېلىپ كەلمىگەن كىشى مىقاتتىن ھەج قىران يەنى ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىرلىكتە نىيەت قىلغان بولسا،

ئـۇ كـىشـى نـىيـىتـىنـى ئـۆمـرەگـە ئۆزگـەرتـىشـى سـۇننەتتۇر. ئەمـمـا مـىقاتنـىـڭ تـېشـىـدىـن قـۇربـانـلـىـق ھـەدىـيـە ئـېلـىـپ كـەلـگـەن بولـسـا، ئـۆمـرە بـىـلـەن ھـەجـنـى قـوشـۇپ قـىـلـىـدۇ ۋە ئـېـھـرامـدىـن چـىـقـمـايـدۇ. چـۈنكى رەسـۇلـۇللاھ سـەلـلـەلـلاھـۇ ئـەلـەيـھـى ۋەسـەلـلـەمـنـىـڭ ھـەج تـەمـەتـتـۇئ قـىـلـىـشـىـنـى ئـارزۇ قـىـلـغـانـلـىـقـى ئـۇنـىـڭ ئـەۋزەلـلـىـكـىـگـە ئـىـشـارەت قـىـلـىـدۇ. بـۇ ھـەقـتـە پـەيـغـەمـبـەر ئـەلـەيـھـىـسـسـالام مـۇنـداق دەيـدۇ: «ئـەگـەر مـەن قـۇربـانـلـىـقـنـى ئـالـدىـمـغـا سـىـلـىـپ كـەلـمـىـگـىـنـىـمـدە، سـىـلـەر بـىـلـەن بـىـرلـىـكـتـە ئـېـھـرامـدىـن چـىـقـقـان بـولاتـتـىـم.» [بۇخـارى ۋە مـۇسـلـىـم، ئـەبـۇ داۋۇت رىـۋايـىـتـى].

ئـايـاللار ئـۆمـرە قـىـلـىـشـقـا نـىـيـەت قـىـلـىـپ ئـېـھـرامـغـا كـىـرىـپ بولغانـدىـن كـېـيـىـن ھـەيـزدار يـاكـى نـىـپـاسـدار بولـۇپ قـالـسـا، سـاقـىـيـىـپ پـاك بولـغـۇچـىـلـىـك كـەئـبـىـنـى تـاۋاپ قـىـلالـمـايـدۇ ۋە سـافـا-مـەرۋە ئـوتـتـۇرىـسـىـدا سـەئـيـە قـىـلالـمـايـدۇ. قـاچـان پـاك بولـسـا شـۇ چـاغـدا تـاۋاپ ۋە سـەئـيـە قـىـلـىـدۇ ۋە چـېـچـىـنـى كـېـسـىـپ ئـېـھـرامـدىـن چـىـقـىـدۇ. بۇنـىـڭ بـىـلـەن ئـۆمـرە ئـىـبـادىـتـىـنـى تـامـامـلـىـغـان بولـىـدۇ. ئـەگـەر ئـايـال كـىـشـى ھـەيـز يـاكـى نـىـپـاسـتـىـن زۇلـھـەجـجـە ئـېـيـىـنـىـڭ 8-كـۈنـىـگـىـچـە

ساقايمىغان بولسا، تۇرغان يېرىدىن ھەجگە نىيەت قىلىپ مىناغا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ھەج قىران قىلغان بولىدۇ. يەنى ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ قىلغان بولىدۇ.

ھەيز ياكى نىپاستىكى ئايالللار ھاجىلار قىلغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ. ئەرەفاتقا چىقىدۇ، مۇزدەلىفەدە قونىدۇ ۋە مىناغا كىلىپ قۇربانلىق قىلىدۇ، چېچىنى كېسىدۇ. شۇنداقلا ھەيز ياكى نىپاستىن ساقايغان بولسا، كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ ۋە سافا-مەرۋە ئوتتۇرسىدا سەئيە قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا مەزكۇر ئايالغا ھەج ئۇچۇن باشقا، ئۆمرە ئۇچۇن باشقا سەئيى قىلىش لازىم كەلمەيدۇ. بىر سەئيە ھەر ئىككىسىگە كۇپايە قىلىدۇ. ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھا ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن ئادەت كۆرۈپ قالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «ھاجىلار قىلغان ئىشنىڭ ھەممىنى قىلىڭ، لېكىن ساقىيىپ پاكلانغىچە كەئبىنى تاۋاپ قىلماڭ» دېگەن. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ھەيـزدار يـاكى نـپاسـدار ئايـاللار زۆلھەجـجە ئېيـنـنـڭ ئـونـنچى كـۈنى شـەيتانغا تـاش ئاتـىدۇ ۋە چـاچلىرىنى كـېسـىدۇ. ئانـدىن كـيـىن ئۆلارغـا ئېھرامـدا قـىلـىش چەكلەنـگەن نەرسـىلەرنىڭ ھەممىسى ھـالال بولـىدۇ. لـېكىن ھەيـزدىن دىن پاكلىنىـپ، تـاۋاپ ۋە سـەئيە قـىلـمىغۇچـىلـىك ئەر-ئايالـنـىڭ جىنسى مۇناسـىۋەت قـىلـىشى جـائىز بولمايـدۇ. يەنـى بـۇ ئايـال پاكلىنىـپ كەئبىنى تاۋاپ قـىلـىپ، سافا-مەرۋە ئوتتـۇرسىدا سـەئيە قـىلـىپ بولغاندىن كـېيىن ئـېرىگە ھالال بولـىدۇ.

## ھەجگە ئېھرام باغلاپ مىناغا چىقىش توغرىسىدا

ئۆمرە پائالىيىتىنى تۈگۈتۈپ ھەجگە ساقلاپ تۇرغانلار ۋە مەككە ئەھلىدىن ھەج قىلماقچى بولغانلار زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8-كۈنى (بۇ تەرۋىيە كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ) ئۆز ئۆيلىرىدىن ئېھرام باغلايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە كەلگەندە ئەبتەھ دىگەن جايدا تۇرغان ۋە زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى شۇ يەردىن ئېھرام باغلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بەيتۇللاھقا بېرىپ ئېھرام باغلاشقا ياكى مىناغا چىقىش ئالدىدا ۋىدا تاۋىپى قىلىشقا بۇيرۇمىغان. ئەگەر شەرئەت شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەمىر قىلغان بولاتتى. بارلىق ياخشىلىق رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ئىبادەتتە ئۈلگە قىلىشتىدۇر.

مىقاتتىن ئېھرام باغلىغانغا ئوخشاش مەككە مۇكەررەمەدىن ئېھرام باغلاشتىمۇ، غۇسۇل قىلىپ، ئۆزىنى

پـاكـىزلاپ، خۇشـپۇراق ئەتىرلەرنـى ئىشـلـىتىپ ئانـدىن ئېھـرام باغلاش سۈننەتتۇر. تەرۋىيە كۈنى ئېھرام باغلاپ بولغاندىن كېيىن چۈشـتىن ئىلگىـرى ياكى چۈشـتىن كېيىن مىناغـا چىقىـش سۈننەتتۇر. تەرۋىيە كۈنى پېشىن، ئەسىر، شام، خۇپتەن ۋە ئەتىسى بامـدات نامـازلىرىنى مىنـادا ئوقـۇش سـۈننەتتۇر. بۇ نامازلارنىـڭ ھەممىسـىنى قەسـىر قىلىـش (يەنـى تـۆت رەكئەتلىـك پەرز نامـازلارنى ئىككـى رەكـئەت قىلىـپ ئوقـۇش) ۋە بـۇ نامـازلارنى جەمئىـي قىلمـاي ھەر نامـازنى ئـۆز ۋاقتىـدا ئوقـۇش ئالاھىـدە سۈننەتتۇر. لېكىن بامـدات ۋە شـام نامـازلىرى قەسىر قىلىنمـاي ساق ئوقۇلىدۇ. مىنـادا نامـازنى قەسىر قىلىپ ئوقۇشـتا مەككە ئەھلـى بىلـەن مۇسـاپىرلار ئوخشاشـتۇر. چـۈنكى رەسـۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مىنـا، ئەرەفـات ۋە مـۇزدەلىفەدە كىشـىلەرگە ئىمـام بولـۇپ نامـازنى قەسـىر ئوقۇغـان ۋە مەكـكە ئەھلىگە نامازنى تولۇق ئوقۇڭلار دەپ ئەمىر قىلمىغان. ئەگەر ھەج كۈنلىرىدە مەككە ئەھلىگە نامازنى قەسىر قىلماي تولـۇق ئوقـۇش ۋاجىپ بولسـا ئىـدى، ئەلـۋەتتە رەسـۇلۇللاھ ئوچـۇق بايـان قىلغـان

بولاتتى. تەرۋىيە كۈنى ئىبراھىم باغلىغاندىن تارتىپ زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقۇنچە قەدەر تەلبىيەنى كۆپ ئوقۇش سۈننەتتۇر.

زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى( ئەرەفات كۈنى) كۈن چىققاندىن كېيىن ھاجىلار مىنادىن ئەرەفاتقا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەرەفاتقا بارغاندىن كېيىن مۇمكىن بولسا، مەسجىد نەمىرىنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇش سۈننەتتۇر. ئەرەفات كۈنى كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن ئىمام خۇتبە ئوقۇيدۇ. ئىمام بۇ خۇتبىدە ھاجىلارنىڭ ھەج ئىبادەتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىشى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، كىشىلەرنى تەقۋادارلىق ۋە پەزىلەتكە بۇيرۇيدۇ. تەۋھىد ۋە ئەقىدىگە تەئەللۇق مەسىلىلەرنى بايان قىلىدۇ. ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇپ، ھارام نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشقا تەرغىب قىلىدۇ. قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىشقا چاقىرىپ، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. بارلىق ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە تەرغىب قىلىدۇ.

خۇتبىدىن كېيىن پېشىن ۋە ئەسىر نامازلىرىنى قەسىر قىلىپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ پېشىن ۋاقتىدا، بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كۈنلەردە نامازنى بۇ شەكىلدە ئوقۇغانلىقىنى ئىمام مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇ.

نامازدىن كېيىن ھاجىلار ئەرەفات مەيدانىدا تۇرىدۇ ۋە دۇئا بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەرەفات مەيدانىنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان جايدۇر. لېكىن "ۋادى ئۇرەنە" دېگەن جاي ئەرەفات مەيدانى دائىرىسىدىن ئەمەس. مۇمكىن بولسا ئەرەفاتتا تۇرغاندا قىبلىگە ۋە جەبەل رەھمە تېغىغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر ھەر ئىككىسىگە بىردەك ئالدىنى قىلىپ تۇرۇش قىيىن بولسا، كەئبىگىلا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇش سۈننەتتۇر. ئەرەفاتتا تۇرۇش جەريانىدا ئىخلاس بىلەن زىكىر- تەسبىھنى كۆپ ئېيتىش ۋە كۆپ دۇئا قىلىشقا تىرىشىشى، دۇئا قىلغاندا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلىش ياخشىدۇر. بۇ جەرياندا ئۆزى خالىغان دۇئانى قىلسا ياكى تەلبىيە ئېيتسا،

قۇرئـان كـەرىـم ئوقـۇسـا بولاۋېرىـدۇ. دۇئـا ئارىسـىـدا مۇنـۇ كـەلـىـمـە تەۋھىـدنى كۆپ ئوقـۇش سۈننەتتۇر: «لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ» بـۇ ھەقـتـە پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «ئەڭ ياخشـى دۇئـا ئەرەفاتتـا قىلىنغـان دۇئـادۇر، مەن ۋە مەنـدىن ئىلگىرىكـى پەيغەمبەرلەرنىڭ دېگەن ئەڭ ئەۋزەل دۇئاسى: "لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ"» تەرجىمىسى: «يالغۇز بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پۈتـۈن ھەمدۇ سـاناھ ۋە بـارلىق مۈلـۈك ئاللاھقـا خاسـتۇر، ئـاللاھ ئۆلتۈرگـۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچىـدۇر، ئاللاھنىـڭ ھەمـمە نەرسـىگە كـۈچى يەتكۈچىدۇر.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىكىر تەسبىھ ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ ياقىدىغان سۆز تۆتتۇر: "سُبْحَانَ اللَّهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ".» تەرجىمىسى:

«ئاللاھ تائالا بارلىق ئەيىب نوقسانلاردىن پاكتۇر، پۈتۈن ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بۈيۈكتۇر.» [مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى]. بۇ دۇئانى ھوزۇر قەلىب بىلەن كۆپ ئوقۇش ناھايىتى بەك ياخشىدۇر.

بۇ ئۇلۇغ كۈندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نەقىل قىلىنغان دۇئالارنى ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. بولۇپمۇ بۇ مۇقەددەس جاي ۋە بۇ ئۇلۇغ كۈندە زىكىر-تەسبىھنى كۆپ ئېيتىش، مۇمكىن قەدەر كۆپ دۇئا قىلىش ۋە تۆۋەندىكىدەك كەڭ مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دۇئالارنى قىلىش مۇستەھەبتۇر.

«سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ سُبْحَانَ اللَّهِ الْعَظِيمِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالانى بارلىق ئەيىب نوقسانلاردىن پاكتۇر دەپ، ئۇنىڭغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنى پاكلىق بارلىق نۇقسانلاردىن پاكلايمەن».

﴿لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ.﴾ تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن جىمى كەمچىلىكلەردىن پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن ئۆز نەپسىمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.» [سۈرە ئەنبىيا 87-ئايەت].

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ، وَلا نَعْبُدُ إِلاَّ إِيَّاهُ، لَهُ النِّعْمَةُ وَلَهُ الْفَضْلُ وَلَهُ الثَّنَاءُ الْحَسَنُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ» تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، بىز بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلمايمىز، نېئمەت ۋە پەزلى-كەرەم ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئاللاھ تائالانى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن ياد قىلىمىز، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، كاپىرلار ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھقا چىن ئىخلاس ساداقىتىمىزنى ئىزھار قىلىمىز».

«لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللَّهِ» تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالانىڭ مەدەت ۋە ياردىمىدىن باشقا ھېچ قۇدرەتلىك كۈچ يوقتۇر».

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» [سۇرە بەقەرە 201-ئايەت].

«اللّٰهُمّ أَصْلِحْ لِي دِينِي الّذِي هُوَ عِصْمَةُ أَمْرِي ، وَأَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الّتِي فِيهَا مَعَاشِي ، وَأَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الّتِي فِيهَا إِلَيْهَا مَعَادِي ، وَاجْعَلِ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ ، وَاجْعَلِ الْمَوْتَ فِيهِ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بارلىق ئىشلىرىمنى پاك ساقلىغۇچى بولغان دىنىمنى ئىسلاھ قىلغىن، تۇرمۇش ھاياتىم بولغان دۇنيايىمنى ياخشى قىلغىن، نىھايەتتە بارىدىغان جايىم بولغان ئاخىرىتىمنى ياخشى قىلغىن، ھاياتىمنى ھەر تۈرلۈك ياخشىلىقلارنى قىلىشقا پۇرسەتلىك قىلىپ بەرگىن، ئۆلۈمنى مەن ئۈچۈن بارلىق يامانلىقلاردىن خالى راھەت قىلغىن».

«اَللَّهُمَّ إنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ جَهْدِ الْبَلَاءِ وَمنْ سُوء الْقَضَاء وَمنْ شَـمَاتَة الأَعْـدَاء» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ مەن ساڭا سىغىنىپ بالا-ئاپەتلەرنىڭ مۇشەققىتىدىن، قازا ۋە قەدەرنىڭ يامان بولىشىدىن ۋە دۈشمەنلىرىمنى خۇشال قىلىدىغان مۇسىبەتلەرنىڭ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن».

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا سىغىنىپ، غەم-قايغۇدىن، ئاجىزلىشىپ قېلىشتىن، ھورۇنلۇقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، بىخىللىقتىن، قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشتىن ۋە ئىنسانلارنىڭ زوراۋانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن».

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْبَرَصِ وَالْجُنُونِ وَالْجُذَامِ وَسَيِّءِ الأَسْقَامِ اللَّهُمَّ إِنِّي أَسأَلُكَ الْعَفْوَ والعافِيةَ في ديني وَدُنْيَاي ، وَأَهْلِي وَمَالي ، اللَّهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَاتِي ، وَآمِنْ رَوْعَاتِي ، اللَّهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنَ يَدَيَّ ، وَمِنْ خَلْفِي ، وَعَنْ يَميني ، وَعَنْ شِمَالِي ، وَمِنْ فَوْقِي ، وَأَعُوذُ بِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي اللّهُمّ اغْفِرْ

لِي خَطِيئَــتِي ، وَجَهْــلِي ، وَإِسْرَافِي فِي أَمْــرِي ، وَمَــا أَنْــتَ أَعْلَــمُ بِــهِ مِــنِّي.»

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا سېغىنىپ ئاق كىيسەللىكتىن، ساراڭ بولۇپ قېلىشتىن، جۇزام كېسىلىدىن ۋە ساقايمايدىغان يامان كېسەلگە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن مېنى ئەپۇ قىلىشىڭنى، دىنىمدا، تۇرمۇشۇمدا سالامەتلىكنى، ئەھلى ئەۋلادىمنىڭ سالامەت بولىشىنى ۋە مال-مۈلكۈمنىڭ سالامەت بولىشىنى تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ئەيىپلىرىمنى ياپقىن، قورقۇنچلىرىمنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرغىن، مېنى ئالدىمدىن، ئارقامدىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمدىن، ئۈستۈمدىن كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك بالالاردىن ساقلىغىن، ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ، ئاستى تەرپىمدىن سۈيقەستكە ئۇچراپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ خاتا قىلغان، بىلمەستىن قىلىپ تاشلىغان گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن، ئىشلىرىمدا ئىسراپ قىلغان بولسام مېنى ئەپۇ

قىلغىن، مېنىڭ ھەققىمدە سەن بىلىدىغان بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن».

«اللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي جِدّي وَهَزْلِي وَخَطَئِي وَعَمْدِي، وَكُلُّ ذَلِكَ عِنْدِي.»

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەندە بار بولغان، مەن بىلىپ تۇرۇپ ياكى ئويىنۇشۇپ، قەستەن ياكى سەھۋەنلىك بىلەن سادىر قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمنى كەچۈرگىن».

«اللَّهُمّ اغْفِرْلِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ، وَمَا أَنْتَ أَعْلَمُ بِهِ مِنّي، أَنْتَ الْمُقَدّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخّرُ وَأَنْتَ عَلَى كُلّ شَىءٍ قَدِيرٌ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ئىلگىرى-كېيىن قىلغان، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن قىلغان ۋە مېنىڭ ھەققىمدە سەن بىلىدىغان بارلىق گۇناھلارنى مەغفىرەت قىلغىن، چۈنكى سەن ھەممىدىن ئاۋۋال سەن، ھەممىدىن ئاخىرسەن ۋە ھەممە نەرسىگە قادىرسەن.)

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الثَّبَاتَ فِي الْأَمْرِ، وَأَسْأَلُكَ عَزِيمَةَ الرُّشْدِ ، وَأَسْأَلُكَ شُكْرَ نِعْمَتِكَ ، وَحُسْنَ عِبَادَتِكَ ، وَأَسْأَلُكَ لِسَانًا صَادِقًا ، وَقَلْبًا سَلِيمًا ، وَأَعُوذُ

بِكَ مِنْ شَرِّ مَا تَعْلَمُ ، وَأَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا  تَعْلَمُ ، وَأَسْتَغْفِرُكَ مِمَّا تَعْلَمُ إِنَّكَ أَنْتَ عَلَّامُ  الْغُيُوبِ.» تەرجىمىسى: [ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بارلىق ياخشى ئىشلاردا مۇستەھكەم تۇرۇشنى، توغرا يولدا مىڭىشىمغا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىڭنى تىلەيمەن، نېئمەتلىرىڭگە شۈكرى قىلىشنى ۋە ياخشى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىشىڭنى تىلەيمەن، ساغلام قەلب ۋە راستچىل تىل تىلەيمەن. سەن بىلگەن ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىنى تىلەيمەن. سەن بىلگەن يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! سەن بىلگەن گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى مەغفىرەت قىلغىن، سەن بارلىق غەيبلەرنى بىلگۈچىدۇرسەن».

«اللَّهُمَّ رَبَّ مُحَمَّدٍ، اغْفِرْ لِي ذَنْبِي، وَأَذْهِبْ غَيْظَ قَلْبِي، وَأَجِرْنِي مِنْ مُضِلاتِ الْفِتَنِ» تەرجىمىسى: «ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھ، گۇناھلىرىمنى مەغفىرەت قىلغىن، قەلبىمدىن غەزەپ ئوتلىرىنى ئۆچۈرگىن، مېنى

ياشاتقان مۇددىتىڭدە پىتنە-پاساتنىڭ ئازغۇنلۇقىدىن ساقلىغىن».

«اللَّهُمَّ رَبَّ السَّمَاوَاتِ الْسَبْعِ، وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ، فَالِقَ الْحَبِّ وَالنَّوَى، وَمُنْزِلَ التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ، وَالْفُرْقَانِ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهِ. اللَّهُمَّ أَنْتَ الأَوَّلُ فَلَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْآخِرُ فَلَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ فَلَيْسَ فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ فَلَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ اقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَأَغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! سەن ئاسمانلارنىڭ پەرۋەردىگارىسەن! ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىسەن. ئى قۇرۇق دانلار ۋە ئۇرۇقچىلارنى يېرىپ ئۈندۈرگۈچى ئاللاھ! ئى تەۋراتنى ئىنجىلنى ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، سېنىڭ ھاكىمىيىتىڭ ئاستىدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. سەن ھەممىدىن ئاۋۋالدۇرسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق، سەن ھەممىدىن ئاخىردۇرسەن، سەندىن كېيىن ھېچ نەرسە

بولمايدۇ. سەن ئاشكارا ۋە ئۇستۇنسەن، سېنىڭ ئۇستۇڭدە ھېچ نەرسە يوقتۇر. سەن بارلىق مەخپىيەتلىكنى بىلگۈچىسەن، سېنىڭ ئىلمىڭدىن تاشقىرى ھېچ نەرسە يوق. بىزنىڭ قەرزلىرىمىزنى ئادا قىلىپ بەرگىن، بىزنى نامراتلىقتىن قۇرۇلدۇرۇپ باي قىلغىن».

«اللّٰهُمّ آتِ نَفْسِي تَقْوَاهَا وَزَكِّهَا أنتَ خَيْرُ مَنْ زَكّاهَا أنتَ وَلِيُّهَا وَمَوْلاَهَا» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! نەپسىمگە تەقۋادارلىق ئاتا قىلغىن ۋە ئۇنى پاكلىغىن، سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىدۇرسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسىدۇرسەن».

«اللَّهُمَّ إنِي أعُوذُ بِك مِنَ العَجْزِ وَالكَسَلِ وَالجُبْنِ وَالهَرَمِ وَالبُخْلِ، وأعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ القَبْرِ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن، بېخىللىقتىن ۋە بەك قېرىپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن».

«اللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ، وَبِكَ خاصَمْتُ؛ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِعِزَّتِكَ لا إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَنْ تُضِلَّنِي، أَنْتَ الْحَيُّ الَّذي لاَ يَموتُ وَالجِنُّ والإِنْسُ يَمُوتُون» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا تەسلىم بولدۇم، ساڭا ئىشەندىم، ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم، ساڭا قايتتىم، سەن ئۈچۈن دۈشمەن بولدۇم، ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ مېنى ئازدۇرۇشىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، سەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. سەن مەڭگۈ ھايات بولۇپ ئۆلمەيسەن، جىنلار ۋە ئىنسانلار ئۆلىدۇ».

«اللَّهُمَّ إِنِي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لا يَنْفَعُ ؛ وَمِنْ قَلْبٍ لا يَخْشَعُ ؛ وَمِنْ نَفْسٍ لا تَشْبَعُ ؛وَمِنْ دَعْوَةٍ لا يُسْتَجَابُ لَهَا» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا سىغىنىپ قورقماس قەلبتىن، تويماس نەپسدىن، پايدىسىز بىلىمدىن ۋە ئىجابەت بولمايدىغان پاناھ تىلەيمەن».

«اللَّهمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِن منْكَـرَاتِ الأَخـلاقِ والأعْمَـالِ والأَهْـواءِ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا سېغىنىپ يامان ئەخلاق، ناچار قىلمىش، يامان خاھىشلاردىن پاناھ تىلەيمەن».

«اللَّهُمَّ أَلْهِمْنِي رُشْدِي، وَأَعِذْنِي مِنْ شَرّ نَفْسي » تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا توغرا يولنى ئىلھام قىلغىن ۋە نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن».

«اللَّهُمَّ اكْفِنِي بِحَلَالِكَ عَنْ حَرَامِـكَ وَأَغْنِـنِي بِفَضْـلِكَ عَمَّـنْ سِـوَاكَ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھالال رىزىق بېرىپ ھارامدىن ساقلىغىن، ئۆز پەزلىڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭدىن باشقىغا مۇھتاج قىلمىغىن».

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدَى وَالتُّقَى وَالْعَفَافَ وَالْغِنَى» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن ھىدايەت، تەقۋادارلىق، ئىپپەت ۋە بايلىق تىلەيمەن».

«اللَّهُــمَّ إِنِي أَسْــأَلُكَ الْهُــدَى وَالسَّــدَادَ» تەرجىمىســى: «ئــى پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن ھىدايەت ۋە توغرا يولنى تىلەيمەن».

«اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُك مِنَ الْخَيْرِ كُلِّهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَمْ ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الشَّرِّ كُلِّهِ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ ، مَا عَلِمْتُ مِنْهُ وَمَا لَمْ أَعْلَــمْ، اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّـارِ وَمَا قَرَّبَ إِلَيْهَا مِنْ قَوْلٍ أَوْ عَمَلٍ وَأَسْأَلُكَ أَنْ تَجْعَلَ كُلَّ قَضَاءٍ قَضَيْتَهُ لِي خَيْرًا.» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان، ھازىر ۋە كېيىن كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى تىلەيمەن. ئــى پەرۋەردىگــارىم! مەن ســاڭا ســېغىنىپ مەن بىلىــدىغان ۋە بىلمەيــدىغان، ھــازىرقى ۋە بۇنــدىن كېــيىن كېلىــدىغان پۈتــۈن يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭ ۋە سادىق قۇلۇڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سەندىن تىلىگەن پۈتۈن ياخشىلىقلارنى تىلەيمەن. پەيغەمبىرىڭ ۋە سادىق قۇلۇڭ مــۇھەممەد ئەلەيھىســسالام ســەندىن پانــاھ تىلىــگەن بــارلىق يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن.

ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ئەمەللەرنى تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! مەن ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن ۋە دوزاخقا يېقىنلاشتۇرىدىغان سۆز ۋە ھەركەتلەرنى قىلىشتىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! مەن سەندىن ماڭا قىلغان ھۆكۈملىرىڭنىڭ ھەممىنى مەن ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشىڭنى تىلەيمەن».

«لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ.سُبْحَانَ اللَّهِ ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ ، وَلا إِلَهَ إِلا اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَر، وَلا حَوْلَ وَلا قُوَّةَ إِلا بِاللَّهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ.» تەرجىمىسى: «يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پۈتۈن ھەمدۇ- سانا ۋە پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچىدۇر، ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر. ئاللاھ تائالانى بارلىق ئەيىپ -نۇقسانلاردىن خالى ۋە پاك دەپ ياد ئېتىمەن، پۈتۈن ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا

خاستۇر، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بۈيۈك ۋە ئۇلۇغدۇر، ئاللاھنىڭ مەدەد ۋە ياردىمىدىن باشقا قۇدرەتلىك كۈچ يوقتۇر».

«اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ، اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ، إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ» تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادىغا رەھمەت قىلغىنىڭدەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادىغا رەھمەت قىلغىن. ئى پەرۋەردىگارىم! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىنىڭدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئەۋلادىغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن».

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بۇ دۇنيادا ياخشىلىق

ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.» [سۈرە بەقەرە 201-ئايەت].

بۇ مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغ جايغا كېلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ھاجىلار يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان دۇئالارنى قايتا-قايتا ئوقۇشى، شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆپ دۇرۇد يوللىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە كەلگەن دۇئالارنى ئوقۇشى مۇستەھەبتۇر. ھاجىلار ئۆز تىللىرىدا ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ-يېلىنىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ياخشىلىقلارنى تىلەپ، رەسۇلۇللاھ دۇئادا تىلەكلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن تەكرار تىلىگىنىدەك. دۇئادا تىلەكنى تەكرار سوراش سۈننەتتۇر.

بۇ مۇبارەك زېمىن ۋە پەزىلەتلىك كۈندە، ھاجىلار ئۆزىنى ناھايىتى كىچىك ۋە كەمتەر تۇتۇپ، چىن يۈرەكتىن يالۋۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە مەغفىرىتىنى سورىشى ۋە ئۇنىڭغا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلىشى، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئۆتكەن خاتالىقلىرىغا چىن تەۋبە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئۇلۇغ كۈندە، بۇ مۇقەددەس جايغا توپلاشقان جامائەتلەرگە ناھايىتى كۆپ رەھمەت قىلىدۇ. بۇ كۈندە ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن پەرىشتىلەر ئالدىدا پەخىرلىنىدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى دوزاختىن ئازاد قىلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ كۈندە شەيتاندىنمۇ خار ۋە بىچارە، ئۈمىدسىز ۋە ھەقىر بىر مەخلۇق بولمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ئەرەفات كۈنىدىكىدەك بەندىلىرىنى دوزاختىن ئازاد قىلىدىغان يەنە بىر كۈن يوقتۇر. ئاللاھ تائالا پەرىشتىلىرى ئالدىدا ئەرەفاتتا تۇرىۋاتقان مۆئمىنلەر بىلەن پەخىرلىنىپ، مېنىڭ بەندىلىرىم نېمىنى خالايدۇ؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار سەندىن دوزاختىن ئازاد قىلىشىڭنى سوراۋاتىدۇ دېگەندە، ئاللاھ تائالا گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن ئۇلارنى دوزاختىن ئازاد قىلدىم دەيدۇ.» [مۇسلىم، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە].

بۇ ئۇلۇغ كۈندە مۇسۇلمانلار بارلىق گۇناھ مەئسىيەتلەرگە قاتتىق تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالادىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى

ۋە زىكىر، دۇئالارنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق شەيتاننى مەغلۇپ ۋە خار قىلىشقا تىرىشىشى، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالاغا ھەقىقىي بەندىچىلىكنى نامايەندە قىلىشى لازىمدۇر.

ھاجىلار پېشىندىن كېيىن تا كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر، تەۋبە-تەزەررۇ بىلەن ئاللاھ تائالاغا ناھايىتى قاتتىق يولۇۋۇرۇپ دۇئا ئىستىغفارلار بىلەن مەشغۇل بولىشى ۋە بۇ ئۇلۇغ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىشى لازىم.

كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەرەفاتتا تۇرۇش ۋاقتى تۈگەيدۇ، ھاجىلار تەلبىيە ئېيتىپ ئاستا-ئاستا مۇزدەلىفەگە قاراپ مېڭىشقا باشلايدۇ. كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەرەفاتتىن قايتىش جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن ئولتۇرغانغا قەدەر ئەرەفاتتا تۇرغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «ھەج ئىبادەتلىرىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار.» [نەسائى رىۋايىتى].

هاجىلار مۇزدەلىفەگە يېتىپ كەلگەن هامان ناماز شامنى ئۈچ رەكئەت ۋە ناماز خۇپتەننى ئىككى رەكئەت قىلىپ بىر ئەزان ئىككى تەكبىر بىلەن ئادا قىلىدۇ. مۇزدەلىفەگە كەلگۈچىلىك شامنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، خۇپتەننىڭ ۋاقتى كىرىپ قالسىمۇ، يولدا شامنى ئوقۇمايدۇ. مۇزدەلىفەگە كېلىپ شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان.

بەزىلەر مۇزدەلىفەگە كېلىپلا شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى تېرىشكە باشلايدۇ ۋە توغرا دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەكسىچە بۇ توغرا ئەمەس. مۇزدەلىفەگە كەلگەندىن كېيىن ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىش شام بىلەن خۇپتەننى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشتۇر. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قالغان ئىشلارنى قىلىش كېرەك.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى مۇزدەلىفەنىڭ ئۆزىدىن تېرىشكە بۇيرۇغان

ئەمەس. تاشنى مۇزدەلىفەدىن مىناغا بارىدىغان چاغدا تەرسە ياكى مىنانىڭ ئۆزىدىن تەرسىمۇ جايىز بولىدۇ.

پۈتۈن ھاجىلار مۇزدەلىفەدە قونۇپ ئەتتىگەندە ناماز بامداتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ زىكىر، تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ تاڭ سۈزۈلگىچە قەدەر دۇئا قىلىدۇ. مۇزدەلىفەنىڭ قايسى يېرىدە تۇرسا بولىدۇ، مەلۇم بىر يەردە تۇرۇش ۋاجىپ ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە تۇردۇم، مۇزدەلىفەنىڭ ھەممىسى تۇرىدىغان جايدۇر.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

مۇزدەلىفەدە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ، تاڭ سۈزۈلگىچە دۇئا قىلغاندىن كېيىن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ھاجىلار مىناغا ماڭىدۇ. ئاجىز كىشىلەر، قېرى ئاياللار ۋە كىچىك باللار يېرىم كېچىدىن كېيىن مىناغا قاراپ يۈزلىنىسە جائىز بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان. ھاجىلار يولدا تەلبىيەنى كۆپ ئېيتىدۇ ۋە

"ۋادى مەھەسسىر" دېگەن جايغا كەلگەندە تېزراق مېڭىش مۇستەھەپتۇر.

مىناغا بارغاندا رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن هالدا، چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىشتىن بۇرۇن تەلبىيە ئېيتىشتىن توختاپ، شەيتانغا يەتتە دانە تاش ئاتىدۇ. تاشنى ئارقا-ئارقىدىن ئاتىدۇ ۋە ھەربىر تاشنى ئاتقاندا "ئاللاھ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىپ ئاتىدۇ. شەيتانغا تاش ئېتىشتا مىنانى ئوڭ تەرىپىدە، بەيتۇللاھنى سول تەرىپىدە قىلىپ تۇرۇپ ئېتىش ياخشىدۇر. قىستاڭچىلىق بولۇپ قالسا قايسى تەرەپتىن ئاتسا بولىۋېرىدۇ. ئاتقان تاشنىڭ شەيتانغا (ئوتتۇردىكى مۇنارغا) تېگىشى لازىم. ئەگەر تاش مۇنارغا تەگكەندىن كېيىن، دائىرىگە چۈشمەي باشقا يەرگە چاچراپ كەتسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. [بۇ سۆزنى ئىمام نەۋەۋى شەرھى مۇھەززەب دېگەن كىتابىدا بايان قىلغان]. ئاتىدىغان تاشنىڭ ھەجمى نوقۇتتىن چوڭراق بولسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە ھەركۈنى 21 دانە تاشنى ئۈچ شەيتانغا ئاتىدۇ. بۇ تاشلارنى مىنادىن ئېلىپ ئاتسىمۇ بولىدۇ.

بەزىلەر قىلغىنىدەك تاشنى يۇيۇپ ئىتىش سۈننەتتە كۆرسىتىلمىگەن. ئەمما شەيتانغا بىر قېتىم ئېتىلىپ بولغان تاشلارنى تېرىپ ئېتىش جائىز ئەمەس.

چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىقنى كەسكەندە: "بىسمىللاھ ئاللاھ ئەكبەر، ئاللاھۇممە ھازا مىنكە ۋە ئىلەيكە" دەپ ھايۋاننىڭ ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ تۇرۇپ بوغۇزلايدۇ. تۆگىنىڭ سول قولىنى(ئالدى سول پۇتىنى) باغلاپ، ئۆرە تۇرغان ھالىتىدە بوغۇزلاش، كالا ۋە قوينى ياتقۇزۇپ بوغۇزلاش سۈننەتتۇر. قايسى بىر سەۋەپ بىلەن ھايۋاننى بوغۇزلىغاندا قىبلىگە قارىتالماي قالسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. لېكىن ھايۋاننىڭ ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ تۇرۇپ بوغۇزلاش ۋاجىپ ئەمەس بەلكى سۈننەتتۇر. قۇربانلىق قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن ئۆزىمۇ يەيدۇ ۋە نامراتلارغا سەدىقە قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَكُلُوا مِنْهَا وَأَطْعِمُوا الْبَائِسَ الْفَقِيرَ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر قۇربانلىقىڭلارنىڭ

گۆشىدىن يەڭلار، مۇھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار.» [سۈرە ھەج 28- ئايەت].

قۇربانلىق قىلىش ۋاقتى ھەققىدە ئەڭ كۈچلۈك سۆز، زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنىدىن 13-كۈنى( ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدىن 4-كۈنى) كۈن ئولتۇرغۇچىلىكتۇر. بۇ ۋاقىتنىڭ قايسى بىرىدە قۇربانلىق قىلسا جائىز بولىدۇ. بۇ كۈنلەر ( قۇربانلىق قىلىش كۈنى) دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇربانلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن چېچىنى قىسقارتىدۇ ياكى چۈشۈرىدۇ. چېچىنى چۈشۈرگەن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىنى چۈشۈرگەنلەرگە رەھمەت ۋە مەغفىرەت تىلەپ ئۈچ قېتىم دۇئا قىلغان، چېچىنى قىسقارتقانلارغا بىر قېتىم دۇئا قىلغان. چېچىنىڭ بەزى قىسمىنى چۈشۈرۈش كۇپايە قىلمايدۇ. چېچىنىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدىن قىسقارتىپ قويۇش جائىز ئەمەس، چېچىنى چۈشۈرگەنگە ئوخشاش چاچنىڭ ھەممە يېرىدىن قىسقارتىش لازىم بولىدۇ.

ئايالالار چىچىنىڭ ھەربىر ئۆرۈمىدىن چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچى مىقدارىدا كېسىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئازراق كەسسىمۇ جائىز بولىدۇ.

شەيتانغا تاش ئېتىپ، قۇربانلىق قىلىپ، چېچىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن يېرىم چىققان بولىدۇ. ئېھرامدا مەنئىي قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھالال بولىدۇ. لېكىن ئەر-ئايالنىڭ جىنسى ئالاقە قىلىشى جائىز بولمايدۇ. ئېھرامدىن يېرىم چىققاندىن كېيىن خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىستىمال قىلىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئۇچۇن ھەرەمگە مېڭىش سۈننەتتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە ئېھرامدىن چىقىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى خۇشپۇراق نەرسىلەرنى چېچىپ قويغان ئىدىم.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ تاۋاپ "تاۋاپ ئىفادە" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇتاۋاپ ھەجنىڭ ئاساسى پەرزلىرىدىن بولۇپ، بۇ تاۋاپنى قىلماي تۇرۇپ ھەج

تاماملانمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇناق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ لْيَقْضُوا تَفَثَهُمْ وَلْيُوفُوا نُذُورَهُمْ وَلْيَطَّوَّفُوا بِالْبَيْتِ الْعَتِيقِ﴾ تەرجىمىسى: «ئاندىن ئۇلار كىرلىرىنى تازلىسۇن (ئېھرامدىن چىققاندىن كېيىن چاچلىرىنى، تىرناقلىرىنى ئالسۇن)، ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىبادەتلەرنى ئادا قىلسۇن، قەدىمى بەيت(بەيتۇللاھ) نى تاۋاپ قىلسۇن. » [سۈرە ھەج 29-ئايەت].

ھەرەمگە بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، سافا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىدۇ. بۇ سەئيى ھەج ئۈچۈندۇر. ھەجدىن ئىلگىرىكى سەئيى بولسا ئۆمرە ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سۆزى شۇكى، ئۆمرە بىلەن ھەجگە بىر سەئيى كۇپايە قىلمايدۇ. ئۆمرە ئۈچۈن ئايرىم، ھەج ئۈچۈن ئايرىم سەئيى قىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللەھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەجگە كەلگىنىمىزدە، رەسۇلىللاھ:

«قۇربانلىقنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەلگەنلەر ھەج بىلەن ئۆمرەگە بىردەك ئېھرام باغلىسۇن. ھەر ئىككىسىنى ئادا قىلىپ بولمىغىچە ئېھرامدىن چىقمىسۇن» دېدى، دېگەندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: "پەقەت ئۆمرەگە ئېھرام باغلىغانلار بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، ساپا-مەرۋە ئوتتۇرىدا سەئيى قىلغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقتى. ئۇندىن كېيىن مىنادىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ھەج ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تاۋاپ قىلدى." [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەج تەمەتتۇئ توغرىسىدا سورالغىنىدا مۇنداق دەيدۇ: ۋىدالىشىش ھەججى يىلى مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئاياللىرى ھەجگە نىيەت قىلدى. بىز مەككىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇربانلىق ھەيدەپ كەلمىگەنلەردىن باشقىلار ھەج بىلەن ئۆمرە قىلىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تاۋاپ ۋە سەئيى تاماملاپ ئېھرامدىن چىقتۇق ۋە ئاياللىرىمىز بىلەن بىرگە بولدۇق، كېيىملىرىمىزنى كەيدۇق.

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمىكى قۇربانلىق ھەيدەپ كەلگەن بولسا، قۇربانلىقنى كەسمىگىچە ئېھرامدىن چىقمىسۇن.» ئاندىن كىيىن «"يەۋمۇتتەرۋىە" كۈنى ھەجگە نىيەت قىلىپ ئېھرامغا كىرىشكە بۇيرۇلدۇق. مىنا ۋە ئەرەپاتتىكى پائالىيەتلەرنى تۈگەنكەندىن كىيىن، مەككىگە كىرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ ۋە ساپا-مەرۋىنى سەئيى قىلدۇق.» [بۇخارى رىۋايىتى]. يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ خۇلاسىسى؛ ھەج تەمەتتۇئ قىلغۇچى ئىككى قېتىم سەئيى قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە سەھابە كىراملار ساپا - مەرۋە ئارىسىدا پەقەت بىر قېتىملا سەئيى قىلغان» دەيدۇ. يەنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلاردىن قۇربانلىق ھەيدەپ كەلگەنلەر، ئۆمرە ۋە ھەج تۈگۈگەنگە قەدەر ئېھرامدىن چىقمىغان. دېمەك؛ قىران ھەج نىيىتى بىلەن ئېھرامغا كىرگەن كىشى، سافا ۋە مەرۋە ئارىسىدا بىر قېتىملا سەئيى قىلىدۇ(يەنى مەرۋىگە تۆت، ساپاغا ئۈچ بېرىپ كىلىدۇ). شۇنىڭدەك ھەججى ئىفراد

نىيىتى بىلەن ئېھرامغا كىرگەن كىشىمۇ قۇربانلىق كۈنىگە قەدەر (يەۋمۇننەھرى) ئېھرامدىن چىقمايدۇ. قارىن ۋە ئىفراد ھەجگە نىيەت قىلغان كىشى، قەدەم تەشرىپ تاۋاپىدىن كېيىن سەئيى قىلغان بولسا، تاۋاپۇل ئىفادىدىن كېيىن سەئيى قىلمىسىمۇ بولىدۇ. بۇ ھۆكۈم ئارقىلىق، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايىتى بىلەن، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتى ئارىسىدىكى چۈشۈنچىسىزلىك يوقايدۇ ۋە بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىنغان بولىدۇ.

تاش تەرتىپى: تاش ئېتىشتا بىرىنچى قىلىپ كىچىك شەيتاندىن باشلايدۇ. تاشلارنى قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ئاتىدۇ. تاشلارنى ئارقا-ئارقىدىن ئاتىدۇ. ھەربىر تاشنى ئاتقاندا " ئاللاھ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىدۇ. شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرانچى شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىنى قىبلىگە قىلىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە توختىمايدۇ.

ئەتىسى يەنى ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يەنە يۇقۇرىقى تەرتىپ بويىچە ئۈچ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنىمۇ شۇ بويىچە ئۈچ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەج ئىبادىتى پۈتۈنلەي تۈگىگەن بولىدۇ. زۇلھەججە ئېيىنىڭ 11-12-13-كۈنلىرىنى (ھېيتنىڭ 2-3-4-كۈنلىرىنى) " تەشرىق كۈنلىرى " دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلھەججىنىڭ 11-ۋە 12-كۈنلىرى مىنادا قونۇش ۋاجىپ، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە شەيتانغا تاش ئېتىشمۇ ۋاجىپدۇر. زۇلھەججىنىڭ 13-كۈنىمۇ مىنادا قونۇش ۋە شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ساۋابى بەك چوڭدۇر. ئالدىرىغان كىشى زۇلھەججىنىڭ 12-كۈنى تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كەتسە رۇخسەت بار. ئاللاھ تائالا بۇ

ھەقــتە مۇنــداق دەيــدۇ: ﴿فَمَــن تَعَجَّــلَ فِي يَــوْمَيْنِ فَــلاَ إِثْــمَ عَلَيْــهِ﴾ تەرجىمىسى: «مىنادىن ئالدىراپ ئىككى كۈندە قايتقان ئادەمگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. تەخىر قىلىپ (ئۈچ كۈن تۇرۇپ) قايتقان ئادەمگىمۇ ھېچ گۇناھ يوقتۇر.» [سۈرە بەقەرە 203-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىرىغانلارغا ئىككى كۈندىن كېيىن رۇخسەت بېرىپ، ئۆزى مىنادا ئۈچىنچى كۈنىمۇ تۇرۇپ، كۈن ئېگىلگەندىن كېيىن ئۈچ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، پېشىن نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى مىنادىن ئايرىلغان.

كىچىك بالىلارنى ھەج قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن كىشىلەر، ئەگەردە بالىلار تاشلىرىنى ئېتىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۆزلىرىنىڭ تاشلىرىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، تەرتىپ بىلەن بالىلىرىنىڭ تاشلىرىنى ئاتسا جائىز بولىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ھەج قىلغان ئىدۇق، ئارىمىزدا ئاياللار ۋە كىچىك باللار بار ئىدى، كىچىك باللار ئۈچۈن نىيەت قىلدۇق ۋە ئۇلار ئۈچۈن تاش ئاتتۇق.» [ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

ياشانغان، كېسەل كىشىلەر ۋە ھامىلدار ئاياللار ئۈچۈن باشقا بىر كىشى ۋاكالىتەن تاش ئاتسا جائىز بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾ تەرجىمىسى: «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.» [سۈرە تەغابۇن 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان كىشىلەر، تاش ئاتىدىغان يەردىكى قىستاڭچىلىقتا تاقەت قىلالمايدۇ، بۇ سەۋەپلىك تاش ئېتىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ. تاش ئېتىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قازاسىنى قىلىش يولغا قويۇلمىغان. شۇڭلاشقا تاش ئېتىشقا قۇدرىتى يەتمەيدىغان كىشىنىڭ تېشىنى باشقا بىر كىشى ئۇنىڭ ئورنىدا ئېتىپ قويسا جائىز بولىدۇ. لېكىن كېيىن قىلغىلى بولىدىغان ئەمەللەرگە باشقا كىشىنى ۋەكىل قىلىش جائىز ئەمەس.

مەسىلەن: نەفلە ھەج ياكى نەفلە ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرگەن

كىشى، باشقا بىرىنى ۋاكالەتەن ئۆمرە ياكى ھەجنى ئادا قىلىشقا نائىپ قىلىشى جائىز ئەمەس. نەپلە ئۆمرە ياكى ھەج بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ تولۇقلىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ﴿وَأَتِمُّوا الْحَجَّ وَالْعُمْرَةَ لِلَّهِ﴾ تەرجىمىسى: «ھەج ۋە ئۆمرەنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تولۇق ئورۇنداڭلار» [سۈرە بەقەرە 196- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. شۇنىڭدەك تاۋاپ ۋە سەئيىمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدىغان ئىبادەتلەردىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ باشقا كىشىنى نائىپ قىلىش جائىز ئەمەس. ئەمما شەيتانغا ئاتىدىغان تاشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتمىسا ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئەرەفاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە قونۇش، مىنادا قونۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتى بەلگىلەنگەن بولۇپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئىككىنچى قېتىم ئادا قىلىۋالغىلى بولمايدۇ. لېكىن مەزكۇر يەرلەردە قونۇش مۇشەققەتلىك بولسىمۇ، ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئۇ يەرلەرگە كېلىشى مۇمكىندۇر. شۇڭلاشقا مەزكۇر ئورۇنلارغا ھەر كىشى ئۆزى كېلىشى لازىم. ئەمما تاش

ئىتتىش ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەف سالىھ ئالىملاردىن تاش ئىتتىشتىن ئاجىز كەلگەن كىشىلەر ئورنىغا باشقا بىر كىشىنى ۋەكىل قىلسا جائىز بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھۆكۈملەر قەيت قىلىنغان.

ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولۇپ، ھەربىر كىشى ئۆزىگە ۋاجىپ بولغان ئىبادەتنى ئۆزى ئادا قىلىشى لازىم. ئەمما ئورنىغا باشقا بىرىنى ۋەكىل قىلىش، ھەدىسلەر سابىت بولغان ئىبادەتلەردىلا ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ. بولمىسا ئىبادەت ئىشلىرىدا ئۆزى خالىغانچە ئىش قىلىشقا بولمايدۇ.

شەيتانغا تاش ئېتىشقا ۋەكىل بولغان كىشى ھەربىر شەيتانغا ئۆزىنىڭ تېشىنى ئاتقاندىن كېيىن، ۋەكىل قىلغان كىشىنىڭ تېشىنى ئاتسا بولىدۇ. ئۈچ شەيتاننىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ تېشىنى ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، باشتىن باشلاپ ۋەكىل قىلىنغان كىشىنىڭ تېشىنى ئېتىشقا بۇيرۇلغان ئەمەس. ئۆلىمالار يۇقىرىدىكى ھۆكۈمنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچ

شەيتاننىڭ ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ تېشىنى ئېتىپ بولۇپ، ئاندىن ۋەكىل قىلغان كىشىنىڭ تېشىنى ئاتىدۇ دېگەن سۆزنىڭ ئاساسى يوق. ئۇنداق بولغاندا، جاپا-مۇشەققەت بولىدۇ. دىندا مۇشەققەت يوقتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ دىندا سىلەرگەھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى.» [ھەج سۈرىسى78-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم، ئەھمەد رىۋايىتى].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## ھەج تەمەتتۇئ ۋە ھەج قىرانغا قۇربانلىق ۋاجىب بولىدىغانلىقى توغرىسىدا

مىقاتتىن ھەج تەمەتتۇئ ياكى ھەج قىرانغا ئېھرام باغلاپ كەلگەن كىشىگە بىر قوي ياكى بىر تۆگىنىڭ يەتتىدىن بىرى ياكى بىر كالىنىڭ يەتتىدىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىدىغان پۇل ھالال كەسىپ بىلەن تاپقان، كىشىنىڭ ھەققى ئارلىشىپ قالمىغان ھالال ۋە پاك پۇل بولىشى ۋاجىپ. چۈنكى ئاللاھ تائالا پاكتۇر، پاكتىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ. قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن پۇل سوراش، قۇربانلىقتىن باشقا ئىشلارغىمۇ كىشىلەردىن پۇل تىلەش جائىز ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلى بىلەن پۇل-مال ئاتا قىلىپ، ھەجگە بېرىپ كەلگۈدەك ۋە قۇربانلىق قىلالىغىدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولغاندا، بۇ ئىبادەتكە ئاتلىنىشى كېرەك. باشقىلاردىن پۇل تىلىگەننى قاتتىق ئەيىپلەپ سۆككەن، ئىپپەتلىك بولۇپ، بارغا قانائەت قىلىپ، كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلىمەي ھايات كەچۈرگەن كىشىنى ناھايىتى ماختاپ مەدھىيلىگەن ھەدىسلەر كۆپتۇر.

ھەج تەمەتتۇئ ياكى ھەج قىرانغا نىيەت قىلىپ، قۇربانلىق قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى، ھەج كۈنلىرىدە ئۈچ كۈن ۋە يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن يەتتە كۈن روزا تۇتىدۇ. ھەج كۈنلىرىدە تۇتىدىغان روزىنى زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنىدىن ئىلگىرى ياكى زۇلھەججىنىڭ 11-12-13-كۈنلىرى تۇتسىمۇ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن تَمَتَّعَ بِالْعُمْرَةِ إِلَى الْحَجِّ فَمَااسْتَيْسَرَ مِنَ الْهَدْيِ فَمَن لَّمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلاثَةِ أَيَّامٍ فِي الْحَجِّ وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعْتُمْ تِلْكَ عَشَرَةٌ كَامِلَةٌ ذَلِكَ لِمَن لَّمْ يَكُنْ أَهْلُهُ حَاضِرِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ﴾ تەرجىمىسى: «ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن ھەج قىلىشتىن بەھرىمان بولغان ئادەم (يەنى ھەج تەمەتتۇئ قىلغان ئادەم) نېمە ئوڭاي بولسا شۇنى قۇربانلىق قىلسۇن، پۇلى يوقلۇقتىن قۇربانلىق مال تاپالمىغان ئادەم ھەج جەريانىدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن، يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ئۇنىڭ ھەممىسى ئون كۈن بولىدۇ. مانا بۇ مەسجىدى ھەرەم

دائىرىسىدە ئۇلتۇرۇشلۇق بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر.» [سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

سەھىھ بۇخارىدا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئانھا ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللەھۇ ئەنھۇنىڭ: «تەشرىق كۈنلىرى قۇربانلىق قىلالمىغان ئادەمدىن باشقا كىشىگە روزا تۇتۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆز ھۆكۈمدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەت بېرىلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ئۈچ كۈنلۈك روزىنى ئەرەفات كۈنىدىن ئىلگىرى تۇتقان ياخشى. ئەرەفات كۈنىدە روزا تۇتماستىن، ئىبادەت ۋە زىكىر ـ دۇئالاردا جۇشقۇن بولۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىمۇ روزا تۇتمىغان ۋە ئەرافاتتىكىلەرنىمۇ بۇ كۈندە روزا تۇتۇشتىن چەكلىگەن. ھەج جەريانىدا تۇتىدىغان ئۈچ كۈنلۈك روزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇش ياكى ئايرىلاپ تۇتۇش جائىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا مەزكۇر روزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۇتۇشنى پەرز قىلمىدى

ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بۇ ئۈچ كۈنلۈك روزىنى ئارقا-ئارقىدىن تۇتۇشلار دەپ بۇيرۇمىدى.

ھەجدىن كېيىن تۇتىدىغان يەتتە كۈن روزىنى يۇرتىغا بارغاندىن كېيىن تۇتقان ياخشى. چۈنكى ئاللاھ تائالا: «ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن تۇتۇڭلار» دېدى.

قۇربانلىق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەمنىڭ، پادىشاھ باي ۋە باشقا كىشىلەردىن پۇل تىلەپ قۇربانلىق قىلغىنىدىن، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئون كۈن روزا تۇتقىنى ئەۋزەلدۇر. ئەمما تىلەپ يۈرمەستىن ياكى تەلمۈرۈپ يۈرمەستىن، بىراۋ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئۇنىڭغا ھەدىيە بەرسە، ئۇنى قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ. ھەدىيە بەرگەن كىشى ھەج ئۆزى ئۈچۈن ھەج قىلمىغان كىشى بولسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ھەج بەدەلگە پۇل بەرگەن كىشى مۇشۇ پۇلدىن قۇربانلىق قىلىسىز دەپ شەرت قىلسا، بەدەل ھەج قىلغۇچى ئۇ پۇلدىن ئۆزى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشى جائىز بولمايدۇ. ئەگەر ھەج بەدەلگە پۇل بەرگۈچى مەزكۇر پۇلدىن

قۇربانلىق قىلىشنى شەرت قىلمىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.

بەزى ھاجىلار يالغان ئېيتىپ، ھۆكۈمەتتىن ياكى باشقا ئادەملەردىن قۇربانلىق ئۈچۈن پۇل تىلەپ، ئاندىن قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇنداق تىلەمچىلىك قىلىپ پۇل تېپىپ قۇربانلىق قىلىش قەتئىي ھارامدۇر. چۈنكى بۇ كاززاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

## ئەمرى-مەئرۇف قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

ھاجىلار ۋە باشقىلار ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم ۋەزىپە، ئۆز ئارا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە بىربىرىگە نەسىھەت قىلىش، بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئادا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىدىكى ئىشلارغا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇيرىدى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلدى.

مەككە ئەھلىدىن بەزى كىشىلەر ۋە باشقىلار نامازدا مەسجىدكە چىقماي ئۆيىدە ئوقۇيدۇ. پەرز نامازلارنى جامائەتكە چىقماي يالغۇز ئوقۇش چوڭ خاتالىق بولۇپ، شەرىئەت ئەمرىگە ئاشكارا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزى بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇشى ۋە باشقىلارنىمۇ جامائەتكە چىقىشقا تەرغىب قىلىشى لازىم. ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھتىن نامازنى ئۆيىدە ئادا قىلىشقا

رۇخسەت سورايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەيتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆيى ئۇستىگە يىراق ئىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەزاننى ئاڭلامسىز؟دېدى. ئۇ: ھەئە، ئاڭلايمەن دەپ جاۋاپ بېرىۋىدى، رەسۇلۇللاھ: ئۇنداق بولسا نامازغا كېلىڭ، سىزگە رۇخسەت يوق» دېدى. [مۇسلىم ۋە نەسائى رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە: «بۇيرۇق قىلسام، نامازغا تەكبىر ئوقۇلسا، ئاندىن بىرىنى بۇيرۇسام كىشىلەرگە ئىمام بولسا، ئاندىن بېرىپ جامائەتكە كەلمىگەنلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئۇستىدىن ئوت قويىۋەتسەم دەيمەن» دېگەن. [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

ئىمام ئىبنى ماجە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللەھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ:«ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۆزرىسىز جامائەتكە چىقمىغان ئادەمنىڭ نامىزى مەقبۇل ئەمەس.» [ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللەھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا بىلەن مۇسۇلمانلىق ھالىتىدا ئۇچرىششقا خۇرسەن بولىدىكەن، بەش ۋاقىت نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇسۇن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىڭلارغا ھىدايەت يوللىرىنى شەرىئەت قىلىپ بەردى. بەش ۋاقىت ناماز ئەنە شۇ ھىدايەت يوللىرىدىندۇر. ئەگەر سىلەر مۇناپىقلارغا ئوخشاش نامازنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇساڭلار، پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىنى تەرك ئەتكەن بولىسىلەر، ئەگەر سۈننەتنى تەرك ئەتسەڭلار يولدىن ئېزىپ كېتىسىلەر. كىمكى تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ناماز ئوقۇشنى ئىرادە قىلىپ، مەسجىدلەردىن بىرىگە بارسا، ئاللاھ تائالا ئۇ ئادەمنىڭ ھەربىر قەدىمىگە بىر ساۋاپ يازىدۇ، بىر گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى دەرىجىسىنى بىر دەرىجە يۇقۇرى كۆتۈرىدۇ. مۇناپىقلار جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بەزى كىشىلەر كېسەل بولۇپ قالغان ياكى قېرىپ ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ مەسجىدنى تەرك ئەتمەيتتى، شۇنداقلا ئىككى ئادەم يۆلەپ مەسجىدكە ئاپىرىپ

سەپتە ئولتۇرغۇزۇپ قويىتتى.» [مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇت، ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە دارىمى رىۋايىتى].

ھاجىلار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان نەرسىلەردىن ھەرۋاقىت ۋە ھەرزامان چەكلىنىشى، زىنا-پاھىشە، بەچچىۋازلىق، ئوغۇرلۇق ۋە جازانىخورلۇق، يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يېيىش، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ھاراق ئىچىش، نەشە چېكىش، ھەرتۈرلۈك مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش، تاماكا چېكىش، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھوشۇقىنىڭ ئاستىغىچە ئۇزۇن كىيىم كىيىش، ھەسەت قىلىپ چېقىماسلىق قىلىش، رىيا قىلىش، غەيۋەت قىلىش، سۇخەنچىلىك قىلىش، مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىپ ھاقارەتلەش، ھەمىشە ئويۇن ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرىغا بېرىلىش، شۇنىڭدەك چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى سېتىۋېلىش، رادىئو، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇ، سىدىلاردىن ناخشا-مۇزىكا تىڭشاش، قىمار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئويۇنلاردىن ھەزەر ئەيلىشى، شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان

ئىشلارنىڭ ئىشلىنىشىگە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش، زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى تارتىش قاتارلىق ئىشلاردىن توسۇلۇشى ۋاجىپ بولىدۇ. مەككە ئەھلى ۋە ھاجىلار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلاردىن بەكراق قېچىشى لازىم. ھەرەمدە ئىشلەنگەن گۇناھنىڭ جازاسى باشقا يەرلەردە ئىشلەنگەن گۇناھنىڭ جازاسىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ۋە قاتتىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ يُرِدْ فِيهِ بِإِلْحَادٍ بِظُلْمٍ نُذِقْهُ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى مەسجىدى ھەرەمدە زۇلۇم بىلەن گۇناھ قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاپنى تېتىتىمىز.» [ھەج سۈرىسى 25-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]

بۇ ئايەت كەرىمگە كۆرە، ھەرەم شەرىفتە زۇلۇم قىلماقچى ياكى گۇناھ قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ گۇناھى ۋە ئازابى بۇنداق قاتتىق بولسا، ئەمەلىيەتتە گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟! شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ جازاسى بۈيۈك ۋە بەك قاتتىق

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرەم شەرىفتە ھەرقانداق گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش لازىم.

ھاجىلار ئاللاھ تائالا چەكلىگەن بارلىق گۇناھلاردىن يىراقلاشماي تۇرۇپ، ھەجنىڭ پەزىلىتىگە تولۇق ئېرىشەلمەيدۇ ۋە گۇناھلاردىن پاك بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمىكى ھەج قىلىش جەريانىدا جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە ھەجدە چەكلەنگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلماي ھەج قىلسا، خۇددى ئانىسىدىن تۇغۇلغاندەك بولىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

گۇناھلارنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ۋە خەتەرلىكى؛ ئۆلۈكلەردىن مەدەت ۋە ياردەم سوراش، ئۆلارنى ۋەسىلە قىلىش، ئۆلارنىڭ ئىسمى بىلەن قان قىلىش ۋە شاپائەت تەلەپ قىلىش، ئۆلاردىن كېسەلگە شىپالىق تىلەش، پەرزەنت، مال-دۇنيا ۋە ئىلىم تىلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوڭ شېرىك تۈرىگە كىرىدىغان قىلمىشلاردىندۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، ۋەھيى نازىل قىلىش ئارقىلىق، جاھىلىيەتتىكى مۇشرىكلارنىڭ

يۇقىرىدىكىدەك ئىشلىرىغا(يەنى چوڭ شېرىككە) ئىنكار قىلدى ۋە چەكلىدى. ھەجگە كىلىشتىن ئىلگىرى ئېيتقاتىدا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار بولغان ھاجىلار، شېرىك ئەقىدىلىرىنى تاشلاپ، ئۆتكەن گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ توغرا ئەقىدە يولىنى تۇتىشى لازىم. بولمىسا شېرىك ئەقىدىسى ئىنساننىڭ قىلغان پۈتۈن ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوْ أَشْرَكُواْ لَحَبِطَ عَنْهُم مَّا كَانُواْ يَعْمَلُونَ ﴾ تەرجىمىسى: «ئەگەر ئۇلار( يەنى پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئېدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتەتتى.» [سۈرە ئەنئام 88-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ تائالانىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىش، پەيغەمبەر ياكى بەيتۇللاھ بىلەن، ئاتا-ئانا ياكى يۇلتۇز ۋە ئامانەت قاتارلىقلار بىلەن قەسەم قىلىش بولسا كىچىك شېرىك ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش: رىياكارلىق، شۆھرەتپەرەسلىك، "ئاللاھ ۋە سەن خالىدىڭ" ياكى "بۇ ئىش ئاللاھدىن ۋە سەندىن" دېگەنگە

ئوخشىغان سۆزلەرنى قىلىشمۇ شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر. (يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ توغرىسى: "ئاللاھ خالىدى ئاندىن كىيىن سەن خالىدىڭ" ۋە "بۇ ئىش ئاللاھدىن ئاندىن كىيىن سەندىن" دېيىش كېرەك.-مۇھەررىر.)

مۇسۇلمانلار يۇقىرىقىدەك چوڭ-كىچىك بارلىق شېرىك ئىشلاردىن ئاگاھ بولۇپ، ئۇ ئىشلارنى سادىر قىلغۇچىلارغا ، تەۋبە قىلىش ۋە ساغلام ئەقىدە بىلەن ياشىشى كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلىش لازىمدۇر.

ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشنىڭ شېرىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئاللاھقا كۇپىر قىلغان ياكى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى قەسەم قىلماقچى بولسا، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى قەسەم قىلماي سۈكۈت قىلسۇن.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئامانەت بىلەن قەسەم قىلىدىكەن بىزدىن ئەمەس.» [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنىڭ كىچىك شېرىككە چۈشۈپ قېلىشىڭلاردىن بەك ئەندىشە قىلىمەن، دېگەندى، ساھابىلار: قايسى كىچىك شېرىك ئۇ؟ دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ: رىياكارلىق قىلىشتۇر » دەپ جاۋاپ بەردى. [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام "ئاللاھ ۋە پالانى خالىدى" دېگەن سۆزدىن توسوپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە پالانى خالىدى دېمەڭلار. ئاللاھ خالىدى ئاندىن كېيىن پالانى خالىدى دەڭلار.» [ئەبۇ داۋۇت ۋە ئەھمەد].

ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: «بىـر كىشـى: يـا رەسـۇلىللاھ! "ئـاللاھ خـالاپ ۋە سـىز خالىسـىڭىز" دېۋىـدى، رەسۇلىللاھ : مېنـى ئاللاھقا ئورتاق قىلامسەن؟ يالغۇز ئاللاھ خالىسا دېگىن دېدى.» [ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

يۇقۇرىـدىكى ھەدىسـلەردىن، رەسـۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالامنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇممىتىنى چوڭ-كىچىك شېرىكلەردىن ساقلىنىپ، مەنىۋىيەت ساغلاملىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن نىجات تېپىشقا ۋە ئۇنىڭ غەزىپىگە سەۋەپ بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا تەرغىب قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەرلىك ئامانىتىنى تولۇق ئادا قىلدى ۋە

ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى يەتكۈزدى، بەندىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ياخشى ئىشلارغا تەۋسىيە قىلدى. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىگىچە پەيغەمبىرىمىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇزۇلمەس رەھمەت ۋە ئالى ئېھتىرام ئاتا قىلسۇن. ئامىين...

ھاجىلار ئىچىدىكى، مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەھلى ئىلىملارنىڭ ئۈستىگە، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەت يوللىرىنى ۋە ئىسلامى ئەھكاملارنى باشقىلارغا ئۆگىتىشى، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان شېرىك ئىشلارنىڭ تۈرلىرىنى ۋە ئومۇمى گۇناھلارنى، قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن چۈشەنچە بېرىشى ۋاجىپتۇر.

ئەھلى ئىلىملارنىڭ كىشىلەرگە ھەق-ناھەقنى چۈشەندۈرۈشكە سەل قارىماسلىقى، ئىنسانلارنى زالالەت ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن ئىمان ھىدايەتنىڭ يورۇقلۇقىغا چىقىرىش ئۈچۈن ھارماي-تالماي تەشۋىقات قىلىشى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىپ بېرىشى ۋاجىپتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ

تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ أَخَذَ اللَّهُ مِيثَاقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلَا تَكْتُمُونَهُ ﴾ تەرجىمىسى: «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن (يەنى يەھۇدىلاردىن) كىتابنى كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يۇشۇرماسلىققا ئەھدە ئالدى.» [سۈرە ئال-ئىمران 187-ئايەتنىڭ بىر قىسمى]. بۇ ئايەتتىكى مەقسەت؛ ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتابلاردىن سادىر بولغان ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتەك زۇلۇمنىڭ، ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن سادىر بولماسلىقى ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش بەردى (يەنى قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بەرمەي زالىملاردىن بولماڭلار دېمەكچى).

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ إِنَّ الَّذِينَ يَكْتُمُونَ مَا أَنْزَلْنَا مِنَ الْبَيِّنَاتِ وَالْهُدَى مِنْ بَعْدِ مَا بَيَّنَّاهُ لِلنَّاسِ فِي الْكِتَابِ أُولَئِكَ يَلْعَنُهُمُ اللَّهُ وَيَلْعَنُهُمُ اللَّاعِنُونَ ، إِلَّا الَّذِينَ تَابُوا وَأَصْلَحُوا وَبَيَّنُوا فَأُولَئِكَ أَتُوبُ عَلَيْهِمْ وَأَنَا التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾ تەرجىمىسى: «بۇ كىتابتا

كىشىلەرگە توغرا يولنى بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يۇشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ (رەھمىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ)، لەنەت قىلغۇچىلار (پەرىشتىلەر ۋە مۆئمىنلەر) مۇ ئۇلارغ لەنەت قىلىدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، ئەمەلىنى تۈزەتكەنلەر (يەھۇدىلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبول قىلىمەن. مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىمەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن.» [سۈرە بەقەرە 159ـ160ـئايەتلەر].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر كىشىلەرنى تەۋھىد، ئىبادەت، سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا چاقىرىش، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يولى ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلاً مِمَّنْ دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحاً وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھقا (ئاللاھنىڭ تەۋھىد ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە "مەن ھەقىقەتەن

مۇسۇلمانلاردىنمەن" دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟.» [سۈرە فۇسسىلەت 33-ئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللّٰهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَاْ وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللّٰهِ وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى، بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر، كىشىلەرنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن، مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.» [سۈرە يۈسۈف 108-ئايەت].

رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىراۋنى ياخشىلىققا باشلايدىكەن، ئۇ ئادەمگە شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەلى رەزىيەللەھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن

بىراۋنى ھىدايەت قىلغىنى، سەن ئۇچۇن قىزىل تۆگىدىنمۇ ياخشىراقتۇر». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

ئەمىر-مەئرۇف، نەھيى-مۇنكەر ھەققىدە كەلگەن ئايەت ، ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ھىممەت ۋە جاسارەت قىلىپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى نىجاتلىق يولىغا باشلاپ، ئازغۇنلۇققا ئىلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بولۇپمۇ ھاۋايى-ھەۋەس ئەۋج ئالغان، بۇزغۇنچىلىق كۆپىيىپ كەتكەن، دۇنيانىڭ ھەر تەرپىدە خۇداسىزلىق ئومۇملاشقان، زالالەت ۋە ئازغۇنلۇققا باشلايدىغان ھەرخىل شۇئارلار كۆپەيگەن، ھىدايەت ۋە ياخشىلىققا چاقىرغۇچى دەۋەتچىلەر ئازلىغان، بۈگۈنكى كۈندە دىنى تەشۋىقاتنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ساۋابى تىخىمۇ بۈيۈكتۇر. ئاللاھ تائالا ياردەمچىمىز بولسۇن، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ياردىمىسىز ھىدايەت تاپالمايمىز.

## تائەت-ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش توغرىسىدا

ھاجىلار مەككە مۇكەررەمەدە تۇرغان كۈنلىرىدە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇمكىن قەدەر مەسجىدى ھەرەمدە تائەت-ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىۋېلىشقا، بەيتۇللاھنى كۆپ تاۋاپ قىلىپ، كۆپ ناماز ئوقۇشقا تىرىشىشى لازىم.

ھەرەمدە قىلىنغان تائەت-ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابى قاتمۇ-قات بولغىنىدەك، گۇناھ-مەسىيەتكىمۇ ھەسسىلەپ جازا بېرىلىدۇ. ھاجىلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كۆپ دۇرۇت ۋە سالام يوللىشى مۇستەھەبتۇر.

ھاجىلار ھەج ئىبادەتلىرىنى تۈگىتىپ يۇرتىغا قايتىدىغان چاغدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشى (يەنى ۋىدالىشىش تاۋىپى) ۋاجىبدۇر. ھاجىلارنىڭ مەككە مۇكەررەمەدە ئەڭ ئاخىردا قىلىدىغان ئىشى بەيتۇللاھ بىلەن ۋىدالىشىش بولىشى كېرەك. ئەمما ھەيزدار ياكى نىپاسدار قىز-خانىملارغا ۋىدالىشىش تاۋىپى

ۋاجىپ ئەمەس. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھاجىلار ئەڭ ئاخىرىدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا بۇيرۇلدى. لېكىن بۇ ھۆكۈم ھەيزدار ئاياللاردىن يەڭگىللىتىلدى.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

خوشلىشىش تاۋىپىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەسجىدى ھەرەمدىن چىقىشتا كەئبىگە ئالدىنى قىلىپ ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىش لازىم ئەمەس. بەيتۇللاھتىن چىققۇچە ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىش ھەققىدە، رەسۇلۇللاھ ياكى ساھابىلاردىن ھېچقانداق بىر رىۋايەت قەيت قىلىنغان ئەمەس. بۇنداق خوشلىشىش كېيىن پەيدا بولغان ئىشلاردىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، بۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ).» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «دىندا يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، يېڭى پەيدا بولغان ھەر قانداق ئىش بىدئەتتۇر، بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.»

كەرەملىك ئاللاھ تائالادىن ھەق دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلىشىنى تىلەيمىز.

## زىيارەتنىڭ ھۆكۈم ۋە ئادابلىرى توغرىسىدا

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك مەسجىدى بولغان مەسجىدى نەبەۋىينى زىيارەت قىلىش ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. لېكىن ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھاجىلارنىڭ ھەجنىڭ ئالدىدا ياكى ھەجدىن كېيىن مەسجىدى نەبەۋىينى زىيارەت قىلىش سۈننەتتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان ناماز باشقا يەرلەردە ئوقۇلغان نامازدىن مىڭ ھەسسە ياخشىدۇر، مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان ناماز باشقا يەرلەردە ئوقۇلغان نامازدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەلدۇر، مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان ناماز باشقا يەرلەردە

ئوقۇلغان نامازدىن يۈزمىڭ ھەسسە ئەۋزەلدۇر.» [ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

ھاجىلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بارغاندا، مەسجىدى نەبەۋىيگە كىرىشتە ئوڭ پۇتى بىلەن كىرىشى ۋە مەسجىدگە كىرگەندە «بِسْمِ اللّٰه، والصَّلاةِ والسَّلامُ عَلَىٰ رَسُولِ اللَّهِ، أَعُوذُ بِاللَّهِ الْعَظِيمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ اللَّهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ» تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن كىرىمەن ۋە رەسۇلۇللاھقا سالات-سالام يوللايمەن. بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ يۈزى ۋە يۈكسەك قۇدرىتىگە سېغىنىپ، لەنەتتەگەردى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا رەھمىتىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچقىن.» بۇ دۇئالارنى ھەرقانداق بىر مەسجىدكە كىرىشتە ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە كىرىشتە ئوقۇلىدىغان خاس بىر دۇئا يوقتۇر.

مەسجىدكە كىرگەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيدۇ. مەزكۇر نامازدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە تەئەللۇق تىلەكلىرىنى

ئاللاھ تائالادىن تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. يەر تىپىلسا مەزكۇر نامازنى رەۋزىدە ئوقۇغان ئەۋزەلدۇر. (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھوجرىسى بىلەن مۇنبىرىنىڭ ئارىسى رەۋزە دېيىلىدۇ.) بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ھۇجرام بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

نامىاز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ۋە ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بېرىدۇ. سالام بەرگەندە ناھايىتى ئەدەب ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن تۇرۇپ پەس ئاۋازدا «السّلامُ عَلَيْكَ يارَسُولَ اللّٰه وَرَحْمَةُ اللّٰه وَبَرَكاتُه» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىر كىشى ماڭا سالام بەرسە، مەن ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاپ قىلغۇنچە قەدەر، ئاللاھ

تائالا مېنىڭ روھىمنى ماڭا قايتۇرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغان كىشى، سالام بەرگەن ۋاقىتىدا مۇنداق دېيىشى لازىم:

«اَلسَّلامُ عَلَيْكَ يا نَبِيَّ اللّٰه اَلسَّلامُ عَلَيْكَ يا خِيَرَةَ اللّٰه من خَلْقِهِ اَلسَّلامُ عَلَيْكَ يا سَيِّدَ الْمُرْسَلينَ وَ إِمَامَ المُتَّقِينَ اَشْهَدُ اَنْ لا اِلَهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّداً رَسُولَ اللّٰهِ ، اَشْهَدُ اَنَّك قد بَلَّغْتَ الرِسَالَةُ ، وَاَدّيْتَ الأمَانَةُ وَنَصَحْتَ الأمة ، وَجاهَدتَ فِي اللّٰه حَقّ جِهَادِهِ» تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە سالام بولسۇن، ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى ۋە تەقۋادارلارنىڭ پېشىۋاسى! سىلىگە سالام بولسۇن. مەن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھدىن باشقا ھېچبىر مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر. سىلە ئاللاھنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى. پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى تولۇق يەتكۈزۈپ، ئامانەتنى كامىل ئادا قىلغانلىقلىرىغا، ئۈممەتكە نەسىھەت ۋە ئاللاھ يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلغانلىقلىرىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن.»

بۇ دۇئانى قىلىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇد ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىدۇ. رەسۇلۇلۇللاھقا دۇرۇت ئېيتىش ۋە سالام بېرىشنى بىرۋاقىتتا قىلىش شەرىئەتتە مۇقىملاشتۇرۇلغان ئىشلاردىندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ، ئى مۆمىنلەر سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار.» [سۈرە ئەھزاب 56-ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، ئاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سالام بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا سالام بەرگەندە: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى رەسۇلۇللاھ! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئەبۇ بەكرى! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى ئاتا!» دەيتتى. بۇ زىكىر قىلىنغان زىيارەت بولسا ئەرلەرگە خاستۇر. ئەمما ئاياللارنىڭ قەبرە زىيارىتى قىلىشىغا رۇخسەت يوقتۇر. رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا، قەبرىستاننى مەسجىد قىلىۋالغانلارغا ۋە قەبرىلەرگە چىراق ياندۇرغۇچىلارغا ئاللاھ لەنەت قىلسۇن.» [تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇت، نەسائى رىۋايىتى].

ئەمما مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى زىيارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كېلىش ۋە ئۇ مەسجىددە دۇئا قىلىش ئەر-ئايال بارلىق مۇسۇلمانلارغا سۈننەتتۇر.

*مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا، بەش ۋاقىت نامازنى پەيغەمبەر مەسچىتىدە ئادا قىلىشى، ئاللاھ تائالانى زىكىر

قىلىش، دۇئا قىلىش، نەفلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇش ئەۋزەل ساۋابى ناھايىتى بۈيۈكتۇر. ئەگەر مۇمكىن بولسا رەۋزە شەرىفتە نەفلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇش مۇستەھەبدۇر. رەۋزە شەرىفنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «ھۇجرام بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچىدۇر» دېگەن.

ئەمما پەرز نامازلارنى زىيارەتكە كەلگەنلەر ياكى يەرلىك خەلق بولسۇن، مۇمكىنقەدەر نامازغا بالدۇر كېلىپ، بىرىنچى سەپتە تۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى سەپتە ناماز ئوقۇغاننىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كىشىلەر ئەزان بىلەن بىرىنچى سەپنىڭ ساۋابىنى بىلسە ئىدى، بىرىنچى سەپتە ئولتۇرۇش ئۈچۈن چەك چەك تاشلايتتى.» [ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «ئالدىنقى سەپكە كېلىڭلار، ئالدىنقى سەپتىن ھەمىشە كېيىن قالىدىغان ئادەمنى

ئاللاھ كېيىن قويىدۇ. سىلەر بىرىنچى سەپلەردە تۇرۇپ ماڭا ئىقتىدا قىلىڭلار، ئارقاڭلاردىكىلەر سىلەرگە ئەگەشسۇن.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىشى ئاۋۋالقى سەپلەردىن ئارقىدا قېلىۋەرسە، ئاللاھ ئۇنى دوزاختىن چىقىشتا كېچىكتۈرۈپ قويىدۇ.» [ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە: «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا سەپ بولغاندەك سەپ بولساڭلار بولمامدۇ» دېۋىدى. ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللاھ! پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قانداق سەپ بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ: ئالدىنقى سەپنى تولدۇرىدۇ ۋە بىر-بىرىگە يېقىن تۈز تۇرىدۇ، دېدى.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھۆكۈم پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە مەخسۇس بولماستىن، بەلكى بارلىق مەسجىدلەرگە ئومۇمدۇر.

سەھىھ ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇشقا تەرغىب قىلاتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، مەسجىد نەبەۋىينىڭ ھازىرقى شەكلىدە، ئوڭ تەرەپ رەۋزەدىن يىراقراق، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى ئاۋۋالقى سەپدە ۋە سەپنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇش، رەۋزە شەرىفتە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەلدۇر.

بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنى تەپەككۇر قىلغان كىشىگە بۇنىڭدىكى ھېكمەت ئوچۇق ۋە روشەن نامايەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەۋفىق ۋە ھىدايەت ئاتا قىلغۇچىدۇر.

*رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىسىنى سىلاش، سۆيۈش، تاۋاپ قىلىش جائىز ئەمەستۇر.

سەلەف سالىھلارنىڭ ھېچ بىرىدىن يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ جايىزلىقى قەيت قىلىنمىغان. بەلكى ئۇ چەكلەشكە تېگىشلىك بىدئەتلەردىندۇر.

*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشنى ياكى غەم-غۇسسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشنى ياكى كېسەلگە شىپالىق بېرىشنى تىلەش جائىز ئەمەس. چۈنكى يۇقىرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا تىلەش لازىم بولغان ئىشلاردىندۇر. ئۆلگەنلەردىن ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى سوراش، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك ۋە مەخلۇقاتلارغا چوقۇنغانلىقتۇر. ئىسلام دىنى ئىككى ئاساستىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنجىسى: ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچبىر شەيئىگە چوقۇنماسلىق. ئىككىنجىسى: ئىبادەتلەرنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن قىلىش.

مانا بۇ ئىككى ئاساس «لاَ إِلَهَ إلاَّ اللَّهُ مُحَمَّد رَسُول اللَّه» نىڭ چىن مەنىسىدۇر.

*شۇنىڭدەك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى شاپائەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا بىرىدىن تىلەشكە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا شاپائەتنىڭ ئۆز قولىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ لِلَّهِ الشَّفَاعَةُ جَمِيعًا﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.» [سۈرە زۇمەر 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

"ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭنىڭ ماڭا شاپائەت قىلىشىغا ئىزىن بەرگىن ياكى ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى پەيغەمبىرىڭنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشتۈرگىن، ياكى ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى پەيغەمبىرىڭنىڭ شاپائىتىدىن مەھرۇم قىلمىغىن" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتىنى ئاللاھدىن تىلىسە جائىز بولىدۇ.

ئەمما ئۆلۈكلەرنىڭ كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، پەيغەمبەرلەر ياكى سالىھ كىشىلەر بولسۇن، ئۇلاردىن شاپائەت ياكى باشقا تىلەكلەر سورالمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىقىدەك ئىشلار دىندا يولغا قويۇلمىغان ئىشلاردۇر. ئىنسان نەپەس ئۈزگەندىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ ساۋابى ئۈزۈلمەي يېتىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم بالىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۈچ تۈرلۈك ئىشتىن باشقا بارلىق نەرسىلەردىن ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. 1-سەدىقە جارىيە. 2- مەنپەئەتلىك ئىلىم. 3- دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنت.» [مۇسلىم ۋە تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھايات چېغىدا شاپائەت تەلەپ قىلىش جائىز بولغىنىدەك، قىيامەت كۈنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش جائىزدۇر. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم پەرۋەردىگارىدىن شاپائەت تىلىگۈچىگە شاپائەت قىلىش ئۈچۈن ئىزنى سورىيالايدۇ.

ئەمما دۇنيادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ ياكى يىراقتا تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن شاپائەت تەلەپ قىلىش جائىز ئەمەس.

دۇنيادا بىر ئادەم سالىھ كىشىدىن، ماڭا ئاللاھ تائالادىن پالانى نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ بەرسىلە دەپ دۇئا تەلەپ قىلسا جائىز بولىدۇ. بۇنىڭ شەرتى ئاللاھ تائالادىن تىلەيدىغان نەرسە شەرىئەتتە جائىز بولغان نەرسە بولىشى كېرەك. ئەمما قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا شاپائەت قىلىشقا ئىزنى بەرگەن كىشىدىن باشقا ھېچقانداق كىشى يەنە بىر كىشىگە شاپائەت قىلالمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلَّا بِإِذْنِهِ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن.» [سۈرە بەقەرە 255-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئىنسانىنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھالىتى باشقىچە بولۇپ، دۇنيادىكى ھالىتىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھالىتىنى قىيامەت كۈنى تىرىلىدىغان ھالىتىگىمۇ ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمىلى بۇ دۇنيادىن ئۈزۈلىدۇ ۋە دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى بىلەن قالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى قالمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۆلۈكلەردىن شاپائەت تەلەپ قىلىشقا شەرىئەت ئىزنى بەرمىگەن. ئۇنى دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى شاپائەتكە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ.

شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن كېيىن ھاياتى بەرزەخىيەدە ھايات بولۇپ، شېھىتلەرنىڭ ھاياتىدىن كامىلراقتۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى ھاياتى دۇنيادىكى ھاياتىغا ئوخشىمايدۇ ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ھاياتىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە قانداقلىقىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىشى بىلمەيدۇ. بۇ

ھەقتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «قايسى بىر كىشى ماڭا سالام بەرسە، مەن ئۇنىڭ سالامىغا جاۋاپ قىلغۇنچە قەدەر، ئاللاھ تائالا مېنىڭ روھىمنى ماڭا قايتۇرىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپات بولغانلىقى، روھىنىڭ بەدىنىدىن ئايرىلغانلىقىغا، لېكىن سالامغا جاۋاپ بېرىدىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى دەلىللەرگە ئاساسلانغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئەھلى ئىلىملار بىردەك ئىتتىپاقلاشقاندۇر. لېكىن بۇ سۆزلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى بەرزەختىيەدە ياشايدىغانلىقىنى مەنئى قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك شېھىتلارنىڭمۇ ھاياتى بەرزەختىيەدە ياشايدىغانلىقىنى چەكلەپ قالمايدۇ. ئاللاھ تائالا شېھىتلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللَّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاءٌ عِنْدَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئاللاھ يولىدا شەھىد

بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمان قىلىنىدۇ.» [سۈرە ئال- ئىمران 169-ئايەت].

بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىرئاز تەپسىلىراق توختالدۇق، چۈنكى بۇ ھەقتە شۈبھىلىنىدىغان ئادەملەر ئانچە ئاز ئەمەس. بۇ مەسىلىگە گۇمانلىق قارىغۇچىلار، شۈبھىگە غەرق بولغانلىقتىن، ساددا ئادەملەرنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە ۋە ئۆلۈكلەرگە چوقۇنۇشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ تائالادىن بىزنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى، ئەقىدىنى ئۆلچەم، شەرىئەتنى چىقىش يولى قىلىپ ياشىغىلى مۇيەسسەر قىلىشىنى سورايمىز.

زىيارەتكە كەلگەن بەزى كىشىلەرنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ ئۇزۇن تۇرۇپ كېتىشىدەك، ئاۋازلىرىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشلىرى قاتارلىق ئىشلار شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە، ئاۋازلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدىن يوقۇرى

قىلىپ سۆز قىلىشتىن، ئۆز-ئارا قاتتىق ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك ئۇنىڭغىمۇ يوقۇرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىشتىن چەكلەش بىلەن بىرگە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۆزلەشكەندە پەس ئاۋازدا سۆز قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ وَلا تَجْهَرُوا لَهُ بِالْقَوْلِ كَجَهْرِ بَعْضِكُمْ لِبَعْضٍ أَنْ تَحْبَطَ أَعْمَالُكُمْ وَأَنْتُمْ لا تَشْعُرُون، إنّ الّذينَ يَغُضُّونَ أصْواتَهُمْ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ ، أولَئِكَ الّذينَ امْتَحَنَ اللهُ قُلُوبَهُم لِلتّقْوَى ، لَهُمْ مَغْفِرَةٌ وأجْرٌ عَظِيمٌ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقۇرى قىلماڭلار. سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن توۋلاپ يۇقۇرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە يۇقۇرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا پەس ئاۋازدا گەپ قىلغانلارنىڭ دىللىرىنى

ئاللاھ تەقۋالىق ئۈچۈن سىنىغان، ئۇلار مەغفىرەتكە ۋە كاتتا ساۋاپقا( جەننەتكە) ئېرىشىدۇ.» [سۈرە ھوجرات 2ـ3ـئايەتلەر].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغۇچىلار سالام بەرگەندە، ئۇزۇن تۇرۇۋېلىپ، سالامنى تەكرار‌ـتەكرار ياندۇرۇپ قايتا‌ـقايتا سالام بېرىشى قىستاڭچىلىققا سەۋەپ بولىدۇ ۋە نامەلۇم ئاۋازلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى ھوزورىدا ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋاللار يۇقۇرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەتنىڭ روھىغا زىت ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەستۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چىغىدىمۇ ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتتۇر. ئۇ زاتنىڭ ھۆرمەت ئېھتىرامىنى قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپتۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئىسلامى ئەدەب‌ـئەخلاققا خىلاپ ئىش قىلىش مۇسۇلمانلارغا لايىق ئىش ئەمەس. بەزى زىيارەتچى ھاجىلار

قەبرىگە ئالدىنى قىلىپ، قىبلىگە ئارقىسىنى قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆزۈن مۇددەت دۇئا قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ساھابە كىراملارنىڭ، تابىئىن ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ تۇتقان يوللىرىغا خىلاپتۇر. بەلكى بۇ ئىشلار دىندا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلاردىندۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە مەندىن كېيىنكى توغرا يولدا بولغان خەلىفەلەرنىڭ سۈننەتلىرىنى چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇ توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، دىندا يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردىن قېچىڭلار، دىندا يېڭى پەيدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتتۇر، بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر.» [ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بۇ دىندا يوق نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

يەنە مۇنداق دەيدۇ:«كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزنىڭ تېشىدا بىر ئىش قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

ئەلى ئىبنى ھۇسەيىن زەينىل ئابىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئادەمنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا دۇئا قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئۇ ئادەمنى دۇئا قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن"«مەن ساڭا دادامدىن ئاڭلىغان ۋە دادام بوۋامدىن ئاڭلىغان، بوۋام رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ قەبرەمنى بايرام قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالماڭلار، ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار، قەيەردە بولماڭلار سىلەرنىڭ دۇرۇت ۋە سالاملىرىڭلا ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ".» [ئەبۇ داۋۇت ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

بەزى زىيارەتچىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەرگەندە، خۇددى نامازغا تۇرغاندەك، قول باغلاپ، قولىنى كۆكسىدە قويۇپ ياكى كىندىكى ئاستىدا قويۇپ تۇرىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سالام بەرگەندە بولسۇن ياكى كاتتا ئەمىر، لىدىر، رەئىس ۋە پادىشاھلارغا سالام

بەرگەندە، خارلىق ۋە نامازغا تۇرغان ھەيئەتتە سالام بېرىش جائىز ئەمەس. خارلىق ۋە ئىبادەت شەكلىنى، ئاللاھ تائالادىن غەيرىگە قوللىنىشقا بولمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ئىمام ھافىز ئىبنى ھەجەر " فەتھــول بــارى" نــاملىق ئەســەرىدە كــۆپلىگەن ئۆلىمالارنىــڭ سۆزلىرىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "سەلەپ سالىھلارنىڭ يولىغــا ئەگىشىشــنى نىشــان قىلغــان كىشــى ئۈچــۈن، بــۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەت ناھايىتى روشەن مەلۇم بولىدۇ".

ســەلەپ-ســالىھلارغا ئەگەشــكەن ۋە ئــۇ يولــدا مېڭىشــقا چاقىرغــانلارنى يامــان گۇمــان قىلىــپ، ھەقىقەتــكە قارىماســتىن، ئوچــۇق-ئاشــكارا دەلىللەرنــى كۆرمەســتىن، كۈچلــۈك دەلىــل ھــۆججەتلەرنى ئېتىبارغــا ئالماســتىن قــارىغۇلارچە تەرســالىق قىلىپ، ھەقنى قويۇپ باتىل يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئىشىنى، ھەممىگە ھىدايەت بەرگۈچى ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمىز. ئۇلارنىڭ باتىل يوللارنى تاشلاپ، توغرا ۋە ھەق يولغا ئەگىشىشكە ئاللاھ تائالادىن تەۋفىق ۋە ھىدايەت تىلەيمىز.

يەنە بەزىلەر مەسجىدى نەبەۋىيدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىگە يىراق جايدا تۇرۇپ، ئالدىنى قەبرىگە قىلىپ، پەس ئاۋاز بىلەن قەبرە شەرىفكە سالام بېرىدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش دىندا يېڭى پەيدا قىلىدۇرۇلغان ئىشلاردىندۇر. دىندا ئاساسسىز ئەمەللەرنى پەيدا قىلىپ، ئۇ ئىشلارنى ئىسلام دىنىدىن دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە ھەقىقەت بايان قىلىنىسىمۇ ئاساسسىز ئېتىقاتنى داۋاملاشتۇرۇش مۇسۇلمانغا لايىق ئىش ئەمەستۇر. ئىمام مالىك ـ رەھىمەھۇللاھ ـ يۇقىرىقىدەك بىدئەت ئىشلارغا ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۇممەتنىڭ ئەۋۋىلى نېمە بىلەن ئىسلاھ قىلىنغان بولسا، ئاخىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئىسلاھ قىلىنىدۇ».

بۇ ئۇممەتنىڭ ئەۋۋىلىنى ئىسلاھ قىلغان نەرسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ، تابىئىنلارنىڭ ساغلام مېتودى بولغاندەك، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئاخىرىمۇ ساغلام ئەقىدىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، شەرىئەتنى ھاياتى ئۆلچەم قىلىش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىنىدۇ.

دۇنيا-ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق ۋە بەخت-سائادەت، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھىنى كىشىلىك تۇرمۇشتا بەرپا قىلىش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا كەرەملىك ۋە مەرھەمەتلىكتۇر. ئۆز لۇتفى كەرىمى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھىدايەت ۋە نۇسرەت ئاتا قىلغاي.

## دىققەت!

ئى ھاجىلار! ئاگاھ بولۇڭلاركى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش بەزى نادان ئىنسانلار گۇمان قىلغاندەك ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن ياكى شەرتلىرىدىن ئەمەس. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدىنى زىيارەت قىلغان ياكى مەسجىدكە يېقىن بولغان ئادەمگە قەبرىنى زىيارەت قىلىش مۇستەھەبتۇر. ئەمما مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن يىراقتىكى كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىمەن دەپ، سەپەر قىلىش جائىز ئەمەس. بەلكى مەسجىدى نەبەۋىنى زىيارەت قىلىمەن دەپ سەپەر قىلىش سۈننەتتۇر.

مەسجىدى نەبەۋىنى زىيارەت قىلىش شەرىفىگە ئېرىشكەن ئادەمگە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئىككى ساھابىسى، يەنى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش سۈننەت بولىدۇ. بۇ ھەقتە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم ۋە مەسجىدى ئەقسادىن ئىبارەت، ئۈچ مەسجىدتىن باشقا ئورۇنلارغا سەپەر قىلماڭلار.» [بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش مەسجىدى نەبەۋىينى زىيارەت قىلىشقا باغلىقتۇر. مەسجىدى نەبەۋىينى زىيارەت قىلغان كىشى مەزكۇر قەبرە شەرىفلەرنى زىيارەت قىلىدۇ. ئەمما مەسجىدنى مەقسەد قىلماي پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش مەقسىدى بىلەن سەپەر قىلىش جائىز بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان بولاتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بارلىق ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىپ، ياخشى يولغا تەرغىب قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ

شەرئىتىنى ھەممىدىن ياخشىراق بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن بەكراق قورۇققۇچىدۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە ئاللاھ تائالادىن كەلگەن ۋەھيىنى كامىل يەتكۈزدى. پۈتۈن خەيرلىك ۋە ياخشى ئىشلارنى بىلدۈردى. بارلىق يامان ۋە ناچار ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇردى. شۇنداقلا مەزكۇر ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىدلەرنى زىيارەت قىلىمىز دەپ سەپەر قىلىشتىن مەنئى قىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قەبرەمنى بايرام قىلىدىغان ئورۇنغا ئايلاندۇرۇۋالماڭلار، ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىققا ئوخشاش قىلىۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار، قەيەردە بولماڭلار سىلەرنىڭ دۇرۇت ۋە سالاملىرىڭلا ماڭا يەتكۈزۈلىدۇ.» [ئەبۇ داۋۇت ۋە ئەھمەد رىۋايىتى]. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش جائىز دېيىش، ئۇنىڭ قەبرىسىنى مازارغا ئايلاندۇرغانلىقتۇر. ئۇنداق قىلىش بولسا، رەسۇلۇللاھنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ مەدھىيلەش ۋە ۋاستىلىق ئىلاھلىق

دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتەك شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىش جائىز دېگۈچىلەر بولسا، يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، شەرىئەتتە مەنئى قىلىنغان ئىشلارغا چۈشۈپ قالغان ئىنسانلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ۋە باشقا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن سەپەر قىلىشنى جائىز دېگۈچىلەرنىڭ كەلتۈرگەن ھەدىسلىرىنىڭ ھەممىسى زەئىپ ياكى توقۇلما، يالغان ھەدىسلەر بولۇپ، دەلىل ھۆججەت بولۇشقا يارىمايدۇ ۋە ئۇ ھەدىسلەرنىڭ يالغان ياكى سەنەدلىرى ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھەدىسشۇناس ئالىملاردىن؛ ئىمام دار قۇتنى، ئىمام ھاپىز ئىبنى ھەجەر ۋە ئىمام بەيھەقىلار ئىسپاتلىغان. ئۇنداق يالغان ھەدىسلەر بىلەن، ئۈچ مەسجىدتىن باشقا ئورۇنغا زىيارەت ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا بولمايدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىسنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش توغرۇلۇق كەلتۈرۈلگەن توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ بەزىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

1ـ «كىمكى ھەج قىلىپ، مېنى زىيارەت قىلمىسا، ماڭا ئەخلاقسىسزلىق قىلغان بولىدۇ».

2ـ «مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى زىيارەت قىلغان كىشى، خۇددى مېنى ھايات ۋاقتىمدا زىيارەت قىلغاندەك بولىدۇ».

3ـ «كىمكى بىر يىل ئىچىدە مېنى ۋە ئاتام ئىبراھىمنى زىيارەت قىلسا، مەن ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن».

4ـ «قەبرەمنى زىيارەت قىلغان كىشىگە، مېنىڭ شاپائىتىم ۋاجىپ بولىدۇ».

بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھېچبىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دېگەنلىكى ئىسپاتلانمىغان. ئىمام ھافىز ئىبنى ھەجەر "ئەتتەلخىس" ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە كەلگەن

نۇرغۇن ھەدىسنى زىكىر قىلغاندىن كېيىن، "قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى زەئىپ ھەدىسلەردۇر" دېگەن.

ئىمام ھافىز ئەلئىرۇقەيلى: "قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ھەققىدە(قەبرى زىيارىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىش) سەھىھ بولغان بىرمۇ ھەدىس يوق" دېگەن.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "قەبرە زىيارىتى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئويدۇرما يالغان ھەدىسلەردۇر" دېگەن.

مانا بۇ زىكرى قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى قەبرە زىيارىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى بىلىشكە ۋە قايىل بولۇشقا كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقتە بىرەر دەلىل سابىت بولغان بولسا ئىدى، ساھابە كىراملار ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان بولاتتى ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا چاقىرغان بولاتتى. ساھابە كىراملار

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالسا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ يولىورۇقلىرىنى ۋە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئىتىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەن كىشىلەردۇر. دېمەك؛ ساھابە كىراملاردىن قەبرە زىيارىتى ئۈچۈن سەپەر قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھېچنەرسە نەقىل قىلىنمىغان ئىكەن، مەزكۇر ئەمەلنىڭ شەرىئەتتە يولغا قويۇلمىغانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھەقتە بىرەر دەلىل بايان قىلىنغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بۇ زىيارەت شەرئىي زىيارەت دەپ ئاتىلىپ، دىنىمىزدا يولغا قويۇلغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## قۇبا مەسچىتى ۋە بەقى قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدا

مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى زىيارەت قىلغان ئادەمگە مەسجىدى قۇبانى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇش مۇستەھەبتۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزىدە پىيادە ۋە بەزىدە ئۇلاغ بىلەن مەسجىدى قۇبانى زىيارەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى». [بۇخارى ۋە مۇسلىم، نەسائى رىۋايىتى].

سەھل ئىبنى ھۇنەيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدى قۇباغا كېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە بىر قېتىم ئۆمرە قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ.» [ئىمام ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى].

جەننەتى بەقى قەبرىستانلىقىنى، ئوھۇد شەھىدلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ۋە ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە زىيارتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابە كىراملارغا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا نېمە دەيدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «السَّلاَمُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ بِكُمْ لاَحِقُونَ أَسْأَلُ اللَّهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ.» تەرجىمىسى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى مۆمىن مۇسۇلمانلاردىن بولغان قەبرە ئەھلى! ئىنشا ئاللاھ بىز سىلەرگە قوشۇلىمىز، ئاللاھ تائالادىن سىلەرگە ۋە بىزگە ئافىيەت تىلەيمىز.» [مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:« رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە قەبرىستانلىقىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارغا ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ: «السَّلامُ عَلَيْكُمْ يا أَهْلَ القُبُورِ ، يَغْفِرُ اللَّه لَنا وَلَكُمْ ، أَنْتُم سَلَفُنا ونَحْنُ بالأَثَرِ» تەرجىمىسى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئى قەبرە ئەھلى! بىزگە ۋە سىلەرگە ئاللاھ مەغفىرەت قىلسۇن. سىلەر بىزدىن ئىلگىرى كەتتىڭلار، بىزمۇ ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمىز، دېدى.» [تىرمىزى رىۋايىتى].

يۇقۇرىدا ئۆتكەن ھەدىسلەردىن مەلۇم بولدىكى، قەبرىلەرنى شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن ھالدا زىيارەت قىلىش، زىيارەت قىلغۇچىغا ئاخىرەتنى ئەسلەتسە، ئۆلۈكلەرگە ئاللاھ تائالادىن رەھمەت ۋە مەغفىرەت تىلەش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلغىلى بولىدۇ.

ئەمما قەبرىستانغا بېرىپ، قەبرە بېشىدا تۇرۇش، ياكى قەبرە بېشىدا تۇنەش، ئۆلۈكلەردىن ھاجەتلىرىنى تىلەش، شىپالىق تىلەش، ۋەسىلە قىلىش، يەنى "ئى ئاللاھ شۇلارنىڭ

ھەققى ھۆرمىتى بىلەن ياكى ئۆلارنىڭ سىېنىڭ نەزىرىڭدىكى ئۇلۇغلۇقى بىلەن ياكى ئۆلارنىڭ ساڭا بولغان يېقىنلىقى بىلەن" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن دۇئا قىلىش، ئۆلۈكلەردىن بىر پايدا ئۈمىد قىلغان ھالدا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى يولغا قويمىغان بەلكى چەكلىگەن، سەلەپ-سالىھلارمۇ قىلمىغان بىدئەت زىيارەتلەردۇر.


رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەبرىستاننى زىيارەت قىلغاندا شەرىئەتكە خىلاپ سۆزلەرنى قىلماڭلار.» دەپ نەسىھەت قىلغان.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت ئاتالغۇسى كاتىگورىيەسىگە كىرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىسى بىدئەت ۋە بەزىسى شېرىككە ياتمايدىغان ئەمەللەردۇر. مەسىلەن: قەبرە بېشىدا ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ئۆلۈكلەرنىڭ ھەققى ھۆرمىتى بىلەن ھاجىتىنى سوراشقا ئوخشاش ئىشلار شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان بىدئەتلەردىندۇر. ئەمما ئۆلۈكلەردىن ھاجىتىنى

تىلەش، ئۇلاردىن مەدەد ۋە ياردەم تىلەشكە ئوخشاش ئىشلار چوڭ شېرىكتۇر.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم! ئاگاھ بولۇڭ، رەببىڭىزدىن ھەرۋاقىت سىزنى ھىدايەت ۋە ھەق ئۇستىگە مۇيەسسەر قىلىشىنى سوراڭ، جانابى ئاللاھ ھىدايەت قىلغۇچى يەككە-يىگانە ئاللاھتۇر.

والحمد لله أولا وآخرا، وصلى الله وسلم على عبده ورسوله وخيرته من خلقه محمد وعلى آله وأصحابه ومن تبعهم بإحسان إلى يوم الدين.





uyghur@islamhouse.com